

# مەھمۇد قەشقەرى ھەققىدە ھېكايەتلەر

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى : ئىلشات تۇرسۇن



ISBN 7-5373-1163-3

9 787537 311632 >

ISBN 7—5373—1163 — 3
K.141(民文) 定价：5.00 元

نږده څو سوه کاله مخکې خاطره يې ليکلې

سخالله د ملګرو ته

پيژندګلو د ...

2008.7.23

خوږيال



# مەھمۇد قەشقەرى ھەققىدە ھېكايىلەر

تۈزگۈچىلەر: مۇھەممەت ئوسمان ھاجىم
ئابدۇكېرىم ئەخمىدى



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

麻赫默德·喀什噶里的传说/穆罕默德·吾斯曼阿吉等编.—喀什:喀什维吾尔文出版社,2003.6
ISBN 7—5373—1163—3

Ⅰ.麻... Ⅱ.穆... Ⅲ.麻赫默德·喀什噶里的一生平事迹—维吾尔语(中国少数民族语言)
Ⅳ.K825.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2003)第052571号

# 麻赫默德·喀什噶里的传说

穆罕默德·吾斯曼阿吉
阿布都克热木·艾合麦提 编

喀什维吾尔文出版社出版发行
(喀什市塔吾古孜路14号,邮编:844000)
各地新华书店经销
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
850×1168毫米 1/64开本,1.8125印张 4插页
2003年7月第1版 2005年6月第2次印刷
印数:3070—8150 定价:5.00元

如有质量问题,请与我社联系调换。电话:0998—2653927



مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ھەيكىلى



مەھمۇد قەشقەرىنىڭ مەقبەرىسى



مەھمۇد قەشقەرى قەبرىگاھىنىڭ يېنىدىكى ئەجدىھا غارى



مەھمۇد قەشقەرى قەبرىگاھىنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشى



«مارجان بۇلاق» ۋە «ھاي ـ ھاي تېرەك»



«مەھمۇد قەشقەرى ھەققىدە ھېكايەتلەر» ناملىق كىتابنى
تۈزگۈچىلەر: سول تەرەپتىكىسى مۇھەممەت ئوسمان ھاجىم ،
ئوڭ تەرەپتىكىسى ئابدۇكېرىم ئەخمىدى

# مۇھەررىردىن

جۇڭگو ئۇيغۇر ئالىمى ، مەشھۇر تىلشۇناس مەھمۇد قەشقەرى يازغان « تۈركىي تىللار دىۋانى » ناملىق كىتاب مەملىكىتىمىزنىڭ XI ئەسىردىكى تىلشۇناسلىق ۋە سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق ساھەسىدە قازانغان ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىسى ۋە سەۋىيىسىنى گەۋدىلەندۈرگەن بولۇپ ، ئۇنىڭدا تۈركىي تىللار بىلەن ئەرەب تىلى سېلىشتۇرۇلغاندىن باشقا ، تۈركىي تىللارمۇ ئۆزئارا سېلىشتۇرۇلغان . مانا بۇ پاكىت — سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق ياۋروپادا XIX ئەسىردە باشلانغان بولسا ، شەرقتە ، جۇملىدىن دۆلىتىمىزدە خېلى بۇرۇنلا بارلىققا كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ . ئۇنىڭدىن تاشقىرى ، بۇ كىتاب ئەينى چاغدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ تارىخىي ئەھۋالى

ۋە ئىلىم ـ پەننىڭ تۈرلۈك ساھەلىرى بويىچە كەڭ مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان. شۇڭا، ئۇنى ئېنسىكلوپېدىيە، مەھمۇد قەشقەرىنى بولسا، تۈركولوگىيە ساھەسىدە سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ ئاتىسى دېيىشكە ئەرزىيدۇ.

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دا مەھمۇد قەشقەرى ئۆزىنىڭ تەرجىمھالى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات بەرمىگەن، ئۇنىڭ زامانداشلىرىنىڭمۇ بۇ توغرىدا بىرەر نەرسە يېزىپ قالدۇرغانلىقى تېخى مەلۇم ئەمەس. شۇنداقتىمۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ئۇچرىغان ئايرىم سۆز ـ ئىبارىلەرنىڭ مەزمۇنىدىن بەزى ئەھۋاللارنى بىلەلەيمىز. مەسىلەن، مەھمۇد قەشقەرى ئۆز كىتابىدا «بارسغان شەھىرى» ھەققىدە تەبىر بەرگەندە «بارسغان — ئاپراسىياپ ئوغلىنىڭ ئىسمى، بارسغان شەھىرىنى شۇ سالدۇرغان. مەھمۇدنىڭ ئاتىسى ئەنە شۇ شەھەردىن» دېگەن. ئىشەنچلىك تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، بارسغان — قاراخانىيلار

سۇلالىسى (840 ــ 1212) نىڭ چوڭ شەھەرلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئىسسىق كۆلنىڭ شەرقىي جەنۇبىي بويىغا يېقىن جايلاشقان، يەتتىسۇ ئۆلكىسىنىڭ ئىقتىسادىي مەركىزى بولغان. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئاتىسى ھۈسەيىن بارسغان شەھىرىنىڭ ھاكىمى بولۇپ، كېيىن قەشقەرگە كۆچۈپ كەلگەن. مەھمۇد قەشقەردە تۇغۇلغان، شۇڭا ئۆز ئىسمىغا «قەشقەرى» دېگەن قەلەم ئىسمىنى قوشۇپ، ئۆزىنىڭ قەشقەرلىك ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى زور ئىپتىخار بىلەن كۆرسەتكەن. كىتابىنىڭ «تۈرك ئەللىرىنى ساماني ئوغۇللىرىدىن ئالغان بوۋىمىز» دېگەن سۆزدىن مەھمۇد قەشقەرىنىڭ قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خان جەمەتىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكى بىلىنىدۇ. ئۇ، ئۆزىنى «مەن شۇ تۈركلەرنىڭ... ئەڭ ئاساسلىق قەبىلىسىگە مەنسۇپلىرىدىن ۋە جەڭ ئىشلىرىدا ئۇستا نەيزىۋازلىرىدىن» دەپ سۈپەتلىگەن. مەھمۇد قەشقەرى ئۆز كىتابىدا يەنە «ئوپال» دېگەن يەر نامىنى تىلغا ئېلىپ

«بىزنىڭ يۇرتىنىڭ نامى » ، « ئازىخ » يېزىسىغا « بىزنىڭ يېزىنىڭ نامى » ياكى « يېزىمىزنىڭ نامى » دەپ ئىزاھات بەرگەن .

« تۈركىي تىللار دىۋانى »نىڭ ھازىر تۈركىيىدىكى ئىستانبۇل كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان بىردىنبىر تولۇق ۋە ئەڭ قەدىمىي قوليازما نۇسخىسىنى ئىراننىڭ ساۋە دېگەن يېرىدە تۇغۇلۇپ ئۆسۈپ ، كېيىنچە سۇرىيىنىڭ دەمەشقتە ياشىغان خەتتات مۇھەممەت ئىبنى ئەبۇ بەكرى ئىبنى ئەبۇلفەتھە ئىسىملىك خەتتات كۆچۈرگەن . ئۇنىڭ كىتاب ئاخىرىدا قەيت قىلىشىچە ، بۇ قوليازمىنى مەھمۇد قەشقەرى ئۆز قولى بىلەن يازغان ئەسلىي نۇسخىسىدىن كۆچۈرگەن ئىكەن . كۆچۈرگەن خەتتات مۇنداق دەپ ئەسكەرتكەن : « بۇ كىتابنىڭ ئاپتورى ئۆز قولى بىلەن يازغان نۇسخىنىڭ ئاخىرىدىكى جۈملىنى ئەينەن كۆچۈرۈپ قويدۇم — كىتاب 464 ـ يىلى جامادىيەل ئەۋۋەلنىڭ باشلىرىدا يېزىلىشقا باشلاپ ، تۆت قېتىم تۈزىتىلىپ ۋە

تـــەھـرىـرلــىـنـىـپ، 466 ـ يـىـلـى جامادىيـەل ئاخـىــرنـىـڭ 10 ـ كـۈنى دۈشەنبە تامام بولدى ». كۆچـۈرگـەن خـەتـتات يەنە : « بۇ كىتابنى ئەسلىي نۇسـخـىـدىـن يۆتـكـەپ بـولغان كۈن 664 ـ يىلى شـەۋۋالـنىـڭ 27 ـ كـۈنـى يـەكـشەنبە ئىدى » دەپ ئىـزاھلـىـغان. ئېنىقكى، « تۈركىي تىللار دىۋانى » نـىـڭ تـۇنـجى نـۇسخىسى مىلادىيە 1072 ـــ 1074 ـ يـىـلـلـىرى يېزىلىپ تەھرىرلەنگەن، مىلادىيە 1075 ـ يـىـلـى تـولـۇقلانـغان. دېمەك، خەتتات مۇھەمـمەت ئىـبـنى ئەبۇ بەكـرى ئىبـنى ئەبىلـفەتھ كۆچۈرگەن نـۇسـخـا « تـۈركـىي تـىـللار دىۋانى » يېزىلىپ 190 يـىـلـدىـن كـېـيـىن، يەنى مىلادىيە 1266 ـ يىل 1 ـ ئاۋغۇست (گـېـرمـانـىـيـىلىك ئالىم، سام تىللىرى مـۇتـەخـەسـسـىسى كارل بروككېلماننىڭ تەتقىقاتى بويىچە 2 ـ ئاۋغۇست) كۈنى تاماملانغان.

« تـۈركـىي تـىـللار دىۋانى » يېزىلىپ دۇنيا ئىـلـىـم ـ پـەن ساھەسىگە مەلۇم بولغان ۋە ئاپتونوم رايـونـىـمىزدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىل ـ

يېزىقىدا تۈنجى قېتىم نەشر قىلىنغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلغان دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئىلمىي تەتقىقاتلارنىڭ پەيدىنپەي چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ ، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ نەسەبى ، تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان ۋاقتى ، قەبرىگاھى ، ئىلمىي ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرى قاتارلىق كونكرېت مەسىلىلەر بىر - بىرلەپ ئايدىڭلاشتى . مەسىلەن ، قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىدىن 75 ياشلىق پېشقەدەم مائارىپچى قاسىم رەھىم 1981 - يىلى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ھاياتى ۋە يۇرتى توغرىسىدا كۆپ ئىزدىنىپ ، ئازىخ — ئوپالدىكى قۇمباغ كەنتىنىڭ 3 - مەھەللىسى (ھازىر « سۆسەر ئاغزى » دېيىلىدۇ) ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى . قەشقەرلىك تارىخچى ، شائىر ۋە جامائەت ئەربابى ئىمىنھۇسەيىن قازىھاجىم (1900 — 1985) ساقلاپ كەلگەن « مەسنەۋى شېرىپ » ناملىق كىتاب ئىچىگە تۇپلەنگەن قەشقەرلىك ئالىم ۋە ئەدىب مۇھەممەت سادىق ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ « مەسنەۋى

شېرىپ » نى مەھمۇد قەشقەرى قەبرىگاھىغا ۋەخپە قىلغانلىقى توغرىسىدا 1836 ـ يىلى ئۆز قەلىمى بىلەن يازغان ۋە كلاسسىك شائىر ئابدۇرېھىم نىزارى قاتارلىق كاتتا گۇۋاھ ـ شاھىتلارنىڭ ئىمزاسى چۈشۈرۈلگەن بىر پارچە ۋەسىقە 1982 ـ يىلى ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇلغاندىن كېيىن ، بەزى مەسىلىلەر تېخىمۇ ئايدىڭلاشتى . شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارنى تەشكىللەپ ، قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئوپال يېزىسىدىكى « ھەزرىتى موللام مازىرى »نىڭ مەھمۇد قەشقەرى قەبرىگاھى ئىكەنلىكىنى تەكشۈرۈپ دەلىللەپ ، ئومۇمي ئۇقتۇرۇش تارقاتتى ۋە 1983 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق ئورنى قىلىپ بېكىتتى . 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىلىپ ، بۇ مازارنىڭ ئەسلىدىكى ئاساسى بىر قېتىم رېمونت قىلىندى ، بىر قىسىم جايلىرى ئىسلاھ قىلىندى . مەھمۇد قەشقەرى قەبرىگاھىنىڭ

جوغراپىيلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان (ئۇزۇنلۇق) ″37 ′30 °75، شىمالىي پاراللېل (كەڭلىك) ″50 ′18 °39 قا توغرا كېلىدۇ.

كېيىنكى تەتقىقاتلار جەريانىدا مەھمۇد قەشقەرىنىڭ يۇرتى ئوپال يېزىسىدىكى ئازىخ كەنتى (ھازىرقى قۇمباغ كەنتى) ئىكەنلىكى، ئۇ تەخمىنەن مىلادىيە 1019 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1113 ـ يىلى ۋاپات بولغانلىقى (بەزى ماتېرىياللاردا تەخمىنەن مىلادىيە 1008 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1115 ـ يىلى ۋاپات بولدى دېيىلگەن) ئوتتۇرىغا قويۇلدى. «ھەزرىتى موللام»، يەنى مەھمۇد قەشقەرى مازىرىنىڭ شەيخلىقى ئاتا ـ بوۋىسىدىن مىراس قالغان شەيخلەرنىڭ ھەممىسى بىردەك مۇنداق دەيدۇ: «بىز نىڭ ‹ ھەزرىتى موللام › دەپ سۆيەتلىشىمىز ــ بۇ زات ئىلىمگە ھۆددىگەر پىرىمدۇر. ئۇ ئىلىم ـ ھۈنەردە تەڭداشسىز بولغانلىقى ئۈچۈن، مەۋلانا شەمسىددىن مەھمۇدىيە ئىبنى ھۈسەيىن دەپ ئاتالغان. مەۋلانا ــ ئالىملىقىغا قارىتىلغان، شەمسىددىن (دىنىنىڭ قۇياشى)

ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن بېرىلگەن ئۇنۋان ، مەھمۇدىيە ـــ بۇ زاتنىڭ ئۆز ئىسمى ۋە ئەخلاقلىقىغا قارىتىلغان ، ھۆسەيىن بولسا دادىسىنىڭ ئىسمىدۇر » .

ئوپال يېزا تەۋەسىدىكى ئوقۇمۇشلۇق زاتلار ۋە پېشقەدەملەرنىڭ مەھمۇد قەشقەرى ھەققىدە تارىختىن بۇيان خەلقىمىز ئىچىدە تارقىلىپ كەلگەن ھېكايەتلەر توغرىسىدىكى ئەسلىمىلىرى « قەشقەر ئەدەبىياتى » ژۇرنىلىنىڭ 1983 ـ يىللىق 2 ـ ، 3 ـ سانلىرىدا ئېلان قىلىندى . بۇ كىتابچىدىكى 26 پارچە ھېكايەت مەھمۇد قەشقەرى قەبرىگاھىنى بېكىتىش جەريانىدا ئوتتۇرىغا چىققان كۆپلىگەن ئۇچۇر ـ مەلۇماتلارغا ئاساسەن رەتلەپ تۈزۈلگەن .

بۇ كىتابچىنى تۈزگۈچىلەردىن مۇھەممەت ئوسمان ھاجىم 80 ياش ، كاندىدات ئالىي تەتقىقاتچى؛ ئابدۇكېرىم ئەخمىدى 62 ياش ، پېشقەدەم مائارىپچى ، ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى بولۇپ ، ھەر ئىككىيلەن ھازىر پېنسىيىدە . بىز بۇ ئىككى نەپەر پېشقەدەم زىيالىينىڭ ئىلمىي ئىزدىنىشلىرىنى بۇ ساھەدە

ئىزدىنىشۋاتقانلارنىڭ نەتىجىلىك ئىلمىي ئەمگەكلىرى دەپ قاراپ، كونكرېت تارىخىي ماتېرىيال بولۇپ قالار دېگەن ياخشى نىيەتتە نەشر قىلدۇق.

ئاخىرىدا، شۇنى ئالاھىدە ئەسكەرتىش زۆرۈركى، بۇ كىتابچىنى تەھرىرلەپ بېكىتىش ۋە نەشر قىلىش جەريانىدا، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى مۇناسىۋەتلىك جايلار بىلەن ئەستايىدىل سېلىشتۇردۇق. كىتابنىڭ I توم باش قىسمىغا كىرگۈزۈلگەن «ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقەرى ۋە ئۇنىڭ ئۆلمەس ئەسىرى — 〈تۈركىي تىللار دىۋانى〉» ناملىق كىرىش سۆزنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىدىن چەتنەپ كەتمىدۇق. «تۈركىي تىللار دىۋانى» توغرىسىدا مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئېلىپ بېرىلغان ئىلمىي تەتقىقات، ئىلمىي مۇھاكىمىلەر جەريانىدا بىرلىككە كېلىنگەن ئىلمىي يەكۈنلەرنىڭ روھىي ماھىيىتىگە ئاساسلاندۇق. نەشرىياتىمىز 1985 ـ يىل نەشر قىلغان «مەھمۇد قەشقەرى» ناملىق ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمىدىكى

نـوپۇزلۇق يەكۈنلەردىن پايدىلاندۇق . شۇنىڭ بىلەن بىـرگـە مـەزكـۇر كـىـتـابـچـىـدىكى مۇناسىۋەتلىك مـەزمـۇنلارغـا بـەت ئاسـتـى ئىزاهات بـېـرىـپ ، ئوقـۇرمـەنـلـەرنىڭ چۈشەنچىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشقا تـىـرىـشـتـۇق . ئۇنـىـڭـدىـن باشقا، مەھمۇد قەشقەرى قـەبـرىـگـاھىنىڭ باشقۇرغۇچىسى ئابدۇرۇسۇل كېرىم ئەپـەنـدى تـەمـىـنـلـىـگـەن بەش پارچە سۈرەتنى بۇ كىتابچىغا قىستۇرما قىلدۇق .

بـۇ كۈنكى كۈندە ، « تۈركىي تىللار دىۋانى » نىڭ ئۈچ تومى هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىل ـ يـېـزىـقـىـدا نـەشـر قـىـلـىـنـىـپ تارقىتىلدى . مەھمۇد قەشقەرى قەبرىگاھى ئەسلىي شەكلىگە ئاساسەن قايتا ياسىلىپ ، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ هەيۋەتلىك هەيكىلى قـەد كـۆتـۈرۈپ ، كـىـشىلەرنى زىيارەتكە ، سەيلە ـ سـايـاهـەتـكـە جـەلـىـپ قـىـلـمـاقتا . ئىشىنىمىزكى ، بۇ كـىـتـابـچـىغا كىرگۈزۈلگەن هېكايەتلەردىكى رىۋايەت تۈسىگە ئىگە بەدىئىي بېرىنچىلارنى نەزەردىن ساقىت قىلغاندا ، ئاساسىي مەزمۇنىدىكى تارىخىي هەقىقەتلەر

ۋە پاكىستلار دات يېقىن كىلەلمەيدىغان ئالتۇندەك پارلاپ تۇرىدۇ . دەرۋەقە ، ئۇنىڭ ئەسرلەر ئۆز رەھىمسىزلىكىنى كۆرستىپ ، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ تەرجىمىھالى ، ئىلمي ۋە ئىجتىمائىي پائالىيىتىگە دائىر نۇرغۇن نەرسىلەرنى يوقاتقان ، نۇرغۇن ۋەقەلىكلەر ئۇنتۇلغان . شۇنداقتىمۇ خۇددى مەھمۇد قەشقەرى : « بىلىم — بەخت بەلگىسى ، بەلگە بولسا يولدىن ئازماس ، بىلىم بولسا سۆزدىن ئازماس » دېگىنىدەك ، بۇ كىتابچە مەھمۇد قەشقەرى ۋە « تۈركىي تىللار دىۋانى » توغرىسىدىكى يېڭى ئىلمي ۋە ئەدەبىي ئىزدىنىش ، يەنىمۇ چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق ئىلمي تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە بەلگىلىك تەسىر كۆرستىدۇ .

2003 ـ يىل مارت

# مۇندەرىجە

ئوي چولپان .......................... 1
ئانار شەربىتى .......................... 5
ئاشىق شاھزادە .......................... 10
ئەلچى بىلەن دانىشمەن قىز .......................... 14
شاھزادىنىڭ ئىلىم ـ ھۈنەر ئۆگىنىشى .......... 17
شاھزادىنىڭ ئۆيلىنىشى .......................... 21
جانغا ئەسقاتقان ھۈنەر .......................... 26
مەھمۇدنىڭ تەۋەللۇتى .......................... 37
ئات تويى .......................... 41
مەھمۇدنىڭ بوۋاقلىق دەۋرى .......................... 49
مەھمۇدنىڭ مەكتەپكە كىرىشى .............. 54
ئائىلە تەربىيىسى .......................... 56
مەھمۇدنىڭ ئىجتىھات بىلەن ئوقۇشى ........... 61

شاھى ئىبھرامنىڭ نەسىھىتى ...... 64
مەھمۇدنىڭ ئەل كېزىشى ...... 67
مەھمۇد قەشقەرىنىڭ تەسنىپ قىلغان كىتابلىرى ...... 70
ئانا ۋەتەن تەشنالىقى ...... 74
ئانا سېغىنىشى ...... 77
ۋەتەن ۋىسالى ...... 79
« مەدرىسەئى مەھمۇدىيە » ۋە « نورۇز بۇلاق » ...... 81
« ئىمام مالىك ئەجدەر » ...... 84
مەھمۇد قەشقەرى بىلەن ئىخلاسمەن ئەما ...... 87
مىڭ بىر تۇپ ئۈجمە ...... 90
« هاي ـ هاي تېرەك » ...... 94
مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ۋەسىيىتى ...... 96
مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ۋاپاتى ...... 98

# ئوي چولپان

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئوغۇزخان ۋە ئاپراسىياپ دەۋرلىرىدىن تارتىپ شاھىنشاھلار، ئوردا ئەمەلدارلىرى، سەركەردىلەر ياز ۋە كۈز كۈنلىرى ئويپال ① دىيارىنىڭ ئاي باقى، يۇدۇغۋاش، بۆرە توقاي يايلاقلىرىدا سەيلە ـ تاماشا قىلىپ، ئوۋ ئوۋلايدىكەن. قاراخانىيلار دەۋرىدىمۇ بۇ جاي مۇھىم ئارامگاھلاردىن بىرى بولغان. « كارۋان بۇيۇك »

① ئويپال ــ قەشقەر كونىشەھەر ناھىيە ئوپال يېزىسىنىڭ قەدىمكى تەلەپپۇزى.

يولى بىلەن مادايىن ، باغداد تەرەپلەرگە ئۆتكۈچى كارۋانلار ئوپپالدىكى « غوجا قونار »① دېگەن بەندەنگاھقا چۈشۈپ ، ھاردۇقلىرىنى ئالغاندىن كېيىن ، كارۋان قوشۇنلىرىنى باشلاپ كۈنچىقىشتىن كۈنپېتىشقا يۈرۈپ كېتىشىدىكەن.

قاراخانىيلار دەۋرىدە ئۆتكەن شاھى ئېھرام دېگەن پادىشاھ بىر يىلى يازنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ئوپپالنىڭ ئاقدالادىكى «قىزىل مەسچىت ئاتام» ئەتراپىغا شىكارغا چىقىش ئۈچۈن جابدۇنۇپتۇ. دەل شۇ چاغدا يىراقتىن بىر ئەزىز مېھمان كېلىپ قاپتۇ ـ دە، شاھ ئۆز ئورنىدا ئوغلى ھۆسەيىننى شىكارغا مەسئۇل قىلىپ تەيىنلەپتۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئىچىدە ھۆسەيىن پەم ـ

① ئوپپالدىكى «غوجا قونداق» مازارنىڭ نامى بولۇپ، بۇ مازارنىڭ ئورنى ئوپپالنىڭ جەنۇبىدىكى قاراكىغۇ يار مەھەللىسىدە، «قونار» بىلەن «قونداق» ئوخشاشلا « قونالغۇ » دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

پاراستى ، جاسارىتى ۋە پالۋانلىقى بىلەن ھەر ۋاقىت شاھنى سۆيۈندۈرىدىكەن . ھۈسەيىن شىكارنى ئويىپالىنىك ئۆزىگە تونۇش بولغان كۆن يورۇش تەرىپىدە بېجىرىشنى ئۆلتىجا قىلىپ ، شاھ ئاتىسىدىن ئىجازەت ئېلىپ ، تەزىم - تەۋەززۇلار بىلەن يولغا چىقىپتۇ .

شاھزادە ھۈسەيىن ئۆز كىشىلىرى بىلەن بۆك - باراقسان جاڭگال ، تاغ - قايراقلارغا بۇر كۆت قويۇپ ، ئوقيا ئۈزۈپ يۈرۈپ ، نۇرغۇنلىغان ئوۋ غەنىيمەتلىرىگە ئېرىشىپتۇ . ئۇلار قايراق باغرىدىكى قۇمباغ تۆپىلىكىگە كەلگەندە ، ئالدىغا بىر كېيىك ئۇچراپتۇ . شاھزادە ھۈسەيىن ئوقيا چىلتەسىدىن ئوق ئېلىپ ، كېيىككە قارىتىپ كىرىچتىن ئوق ئۈزۈپتۇ . مەجرۇھ بولغان كېيىك قاپتالدىكى توقايلىققا قاراپ قېچىپتۇ . شاھزادە ئۇنى قوغلاپ « ئازىخ » دېگەن جايغا كەلگەندە ، كېيىك كۆزدىن غايىب بوپتۇ .

كېيىكنى نەزىرىدىن قاچۇرۇپ قويغان

شاھزادە ھۈسەيىن ئۆزى تۇرغان تۆپىلىكتىن تۆۋەنگە قارىغۇدەك بولسا، بۈك - باراقسان باغلار، كۆپكۆك چىمەنزار، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا بۇلاق سۈيى خۇددى يىپەك تارتقاندەك ئېقىۋاتقان، بىر ساھىبى رەنا چىغىر يولدا بۇلاقتىن سۇ ئېلىپ كىرىپ كېتىۋاتقان ئىكەن. شاھزادە ھۈسەيىن تىنىق كۆكتە يالتىراپ تۇرغان چولپاندەك بۇ ساھىبجامالنى كۆرۈپ ھوشىدىن كەتكىلى تاسلا قاپتۇ - دە، تىكىلىپ تۇرۇپ قاپتۇ. شاھزادىنى بۇ ھالدا كۆرگەن ھەمراھلىرى: «نېمىگە مۇنچىۋالا زوق - شوخ بىلەن قاراپ كەتتىلە؟» دەپ سورىغان ئىكەن. شاھزادە ھۈسەيىن «ئۇيدا چولپان كۆردۈم» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. كېيىنچە، بۇ جاينىڭ نامى «ئوي چولپان» دەپ ئاتىلىپتۇ.

# ئانار شەربىتى

شاھزادە ھۆسەيىن ھەمراھلىرىغا مۇشۇ يەرنى قونالغۇ قىلىشقا ئەمر قىپتۇ. كىشىلەر ئوق قوراللىرىنى، شىكاردا ئېرىشكەن غەنىيمەتلەرنى ئاتلىرىدىن چۈشۈرۈپ، بىر باغلىق ھويلىنىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى ئازادە بوستانلىققا جايلىشىپتۇ. ئاتلارنى يول بويىدىكى قارا سۆگەتلەرگە باغلاپ، بۇلاق بېشىدىكى چىمەنلىكنى چۆرىدەپ ئورۇن راسلاپتۇ.

بۇ ئارىدا شاھزادە ھۆسەيىن تەبىئەتنىڭ ئاجايىپ گۈزەللىكىدىن ھۇزۇرلىنىپ، تاماشا قىلىپ، ئۇنچە ـ مارجاندەك پارقىراپ، شىر ـ شىر

ئېقىۋاتقان ئېرىق بويىدىكى مەجنۇنتاللار ئارىسىدىن كېتىۋېتىپ، ھېلىقى ھويلىنىڭ ئارقىسىدىكى باغقا كۆزى چۈشۈپتۇ. قارىسا، باغدا بىر مويىسپىت كىشى بىلەن رەستە بولغان ساھىبجامال بىر قىز ئانار ئۈزۈپ سېۋەتكە قاچىلىشىۋاتقۇدەك. شاھزادە ھۆسەيىن بۇ ساھىبجامالنىڭ بايا سۇ ئېلىپ ماڭغان قىز ئىكەنلىكىنى تونۇپتۇ - دە، قىزنىڭ ھۆسن - جامالى شاھزادىنى تېخىمۇ مەپتۇن قىلىپ، پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى ئىشق ئوتى چىرماپ ئاپتۇ. لېكىن، ئۇ ئۇردا كىشىلىرىگە خاس ئەخلاق - پەزىلەت بويىچە، دەرھال بوستانلىققا قايتىپ، ئۆز ئورنىدا ئولتۇرۇپتۇ.

شىكارچىلارنىڭ ئوپۇر - توپۇرلىرىنى ئاڭلاپ، ئۈجمە تاختايلىرىدىن ياسالغان قوش قاناتلىق دەرۋازىدىن چىقىپ كەلگەن باغۋەن ئېھتىرام بىلەن سالام بېرىپ، شىكارچىلاردىن ھاردۇق سوراپ، مېھمانلارنى ئۆيگە تەكلىپ قىپتۇ. ئەمما، شاھزادە ھۆسەيىن:

— بىز شىكار كىشىلىرى، بۇ ھاۋاسى تولىمۇ ياخشى يەر ئىكەن. مۇشۇ بوستانلىقتا ئارام ئېلىپ ئۆتسەك دېدۇق، رەھمەت، — دەپ ئۆززە ئېيتىپتۇ، ئاندىن تۆگە يۇڭىدىن توقۇلغان پالاس ئۈستىدىكى يولۋاس تېرىسىدە ئولتۇرغان شاھزادە باغۋەننى ئۆز يېنىدا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىپتۇ.

ئۇلار ئەھۋاللىشىپ ئولتۇرغاندا، باغۋەننىڭ نام - شەرىپى موللا سەيپىدىن ئىكەنلىكى مەلۇم بوپتۇ. شاھزادە ھۆسەيىن ئۆز كىشىلىرىگە تىنىق بۇلاق سۈيىدىن ئۇسسۇلۇق كەلتۈرۈشنى ئېيتقاندا، موللا سەيپىدىن ئاكا: «ئۇسسۇلۇقنى ئۆزۈم كەلتۈرەي» دېگىنىچە دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپلا ئۆيىگە كىرىپ، قىزىغا ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئۇ قىز چەبدەسلىك بىلەن بىر دانە ئانارنى سىقىپلا گۈللۈك تاۋاقنى توشتۇرۇپ، خونچىلاپ ئاتىسىغا بېرىپتۇ. موللا سەيپىدىن ئاكا ئۇنى ئېلىپ چىقىپ شاھزادە ھۆسەيىنگە سۇنۇپتۇ، شاھزادە ئۇنى ئېلىپ ئىچىپتۇ. سۇ ئورنىغا ئانار شەربىتى سۇنغان بۇ

ئائىلىسىنىڭ سەممىسى، ئاق كۆڭۈل ۋە مېھماندوستلۇقىدىن مىننەتدار بولغان شاھزادە ھۆسەيىن يەنمۇ چوڭقۇر سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن، يەنە بىر تاۋاق بىرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ.

موللا سەيپىدىن ئاكا تەزىم بىلەن خونچىنى ئېلىپ ئۆيىگە مېڭىپتۇ. بۇ چاغدا شاھزادە ھۆسەيىننىڭ كۆڭلىدىن «بۇ ئەھۋالنى شاھ ئاتامغا ئېيتسام، رەئىيەگە ئانار سېلىقى سېلىنسا، ئوردا ئەمىر - ئەركانلىرى سۇ ئورنىغا ئانار شەربىتى ئىچسەك، نېمىدېگەن ياخشى» دېگەن خىيال كېچىپتۇ.

موللا سەيپىدىن ئاكا قىزىنىڭ بۇ قېتىم سىقىۋاتقان ئانىرىدىن شەربەتنىڭ كەم چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: «قىزىم، مېھمانلار سۇ سورىغان ئىكەن، كۆپىنىڭ مۇزدەك سۈيىنى بەرسەك بولماسمۇ؟» دەپتۇ. قىزى بۇنىڭدىن تەئەججۈپلىنىپ: «سۇ سورىغان مېھمان ئانار شەربىتىگە لايىق بولغانلىقتىن» دەپ جاۋاب

بىرىپتۇ ـ دە ، يەنە بىر چوڭ ئانارنى ئېلىپ سىققان ئىكەن ، گۈللۈك تاۋاق يېرىمىمۇ بولماپتۇ ، ئاندىن يەنە بىر دانە ئانارنى ئېلىپ سىقسا ، ئۇنىڭدىن شەربەت تېخىمۇ ئاز چىقىپتۇ . شۇنداق قىلىپ ، ئۈچ دانە ئاناردا گۈللۈك تاۋاق ئاران يېرىملىشىپتۇ . موللا سەيپىدىن ئاكا: « ۋاقىت ئۆتمىسۇن قىزىم » دەپتۇ. قىزى ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ : « ئى دادا ، قىسمەت ئۆزگىرىۋاتىدۇ ، تاۋاقنىڭ يېرىمىنىقى سورىلىپ قالسا ، شاھزادىمىزنىڭ كۆڭلىگە خەلق سىيلىقىنى ئاشۇرىدىغان بىرەر خىيال كەچتىمىكىن ، ئاناردىكى بەرىكەت قېچىۋاتىدۇ دەڭ » دەپتۇ .

موللا سەيپىدىن ئاكا گۈللۈك تاۋاقتىكى شەربەتنى خونچىلاپ ئېلىپ چىقىپ ، شاھزادە ھۈسەيىنگە سۇنغاندا ، راست دېگەندەك شاھزادە بۇنىڭ سەۋەبىنى سوراپ قاپتۇ . موللا سەيپىدىن ئاكا بولغان ۋەقەنى ۋە قىزىنىڭ پەرىزىنى بايان قىپتۇ . بۇنى ئاڭلىغان شاھزادە ھۈسەيىن باياتىن كۆڭلىگە كەچكەن پىكرىدىن يېنىپ ، دەرھال تووۋا ـ ئىستىغپار ئوقۇپتۇ .

# ئاشىق شاھزادە

شۇ كۈنى كەچ شىكارچىلار كەڭ داستىخان يېيىپ، شىكار غەنىيمەتلىرىنى پىشۇرۇپ، تەييارلاپ قويۇپتۇ. موللا سەيپىدىن ئاكىمۇ ئۆز بېغىنىڭ كۆزلۈك مېۋە - چېۋىلىرىدىن كەلتۈرۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ھەمداستىخان بولۇشۇپتۇ. موللا سەيپىدىن ئاكىنىڭ ئۆيىگىمۇ نېسۋە سۇنۇلۇپتۇ.

شاھزادە ھۆسەيىن شۇ كېچە موللا سەيپىدىن ئاكىنىڭ قىزىنىڭ ئەقىللىقلىقى، بىلىملىكلىكى ۋە ھۆسن - جامالى ئۈستىدە كۆپ ئويلىنىپتۇ - دە، قايىل بولغان ھالدا تاڭ ئاتقۇزۇپتۇ. ئەتىسى ئۇ موللا سەيپىدىن ئاكا بىلەن خەيرلىشىپ، ھەمراھلىرىنى

ئەگەشتۇرۇپ يولىغا راۋان بوپتۇ.
شاھزادە ھۇسەيىن بىلەن شىكارغا بىللە چىققان قېرى باھادىر تۇنۇگۈندىن بۇيان شاھزادىنىڭ جىمىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، يول بويى قەدەمدە بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ، سەۋەبىنى سوراي دەۋاتقاندا، شاھزادە كەينىگە بۇرۇلۇپ، يىراقتا قارا كۆرۈنۈپ تۇرغان باغ تەرەپكە قاراپ يەنە بىر تىن ئاپتۇ. تەجرىبىلىك باھادىر «شاھزادەمگە بىرەر ئىشق - مۇھەببەت ئوتى سىرايەت ئەيلىگەن بولۇشى مۇمكىن» دەپ قىياس قىپتۇ.
شىكاردىن يانغاندىن باشلاپ شاھزادىنىڭ ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ، ھېچ نەرسە يېمەپتۇ. كۈندىن - كۈنگە چىرايى سارغىيىپ، رەڭگىرويى ئۆچۈپ، ئۇيقۇسى قېچىپ بىئارام بولغىلى تۇرۇپتۇ. شاھ بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، دەرھال ھۆكۈمالارنى يىغىپ، ئوغلىنى كۆرسەتكەن ئىكەن، ھەرقايسىسى ئۆزىگە لايىق كېسەللىك ئېھتىماللىنى دەپ دورىلار

بېرىشىپتۇ ، لېكىن تەسىر كۆرسەتمەپتۇ . قىرى ئەمچى (تېۋىپ) يۈرەكتىكى سەكتىگە قاراپ ئانار شەربىتى بۇيرۇغان ئىكەن ، شاھزادە ئارقا ـ ئارقىدىن بىرنەچچە پىيالە شەربەتنى ئىچىپ ، ئاندىن كۆلۈپتۇ ۋە بېشىنى كۆتۈرۈپتۇ .

بۇ خۇش خەۋەرنى ئاڭلىغان شاھ پۇت ـ پۇتىغا تەگمەي ئوغلى قېشىغا كېلىپ مۇبارەكبادلىق قىپتۇ ۋە نېمە پايدا قىلغانلىقىنى سورىغاندا ، شاھزادە: «ئانار شەربىتى » دەپ جاۋاب بېرىپتۇ . ئەمما، شاھزادە ئۇنىڭدىن باشقا تائامۇ يېمەي ، يەنە باش قويۇپ ياتقان ئىكەن ، تىت ـ تىت بولغان شاھ سىر ئېلىش ئۈچۈن قىرى باھادىرنى ئوغلىنىڭ يېنىدا قويۇپتۇ . شاھزادىنىڭ كۆڭلىنى تولىمۇ ئاياىدىغان تەجرىبىلىك باھادىر ئۆزىنىڭ ياشلىقىدىكى سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەپ كېلىپ ، پىراقى مۇھەببەتتىن سۆز ئاچقاندا ، شاھزادە چۇراپ ئورنىدىن تۇرۇپ ، كۆڭۈل قويۇپ ، كۆزىنى ئۆزمەي تىكىلىپ قاراپ ئاڭلاپ : « يەنىچۇ ، ... يەنە

قـانداق بولغان ... قانداق بولىتى ؟ ... » دەپ كىلىپ ، ئاخىـرىـدا قـاتـتىق بىر تىنىپلا دۇم يىتىپ يىغلاپتۇ . قىـرى بـاھادىـر شـاھزادىنى ئاستا يۆلەپ تۇرغۇزغان ئىـكـەن ، ئۇ تـەشـنالـىق سوراپـتۇ . بۇ چاغدا ئانار شـەربـىتـى تـۇگـەپ قـالـغـىنـى ئۈچۈن ، مۇزدەك كاشكاپلەر بەرسىمۇ شاھزادە ئىچمەپتۇ .

قـىـرى بـاھادىر شاھزادىنىڭ ئانار شەربىتىنى مۇنـچـە يـاخـشـى كـۆرۈشتىكى سەۋەبنى ئالدىرىماي سۈرۈشتە قىلىپ كۆرگەندە ، شاھزادە ھۇسەيىن سۆز بـاشلاپ موللا سەيىدىن ئاكىنىڭ قىزىنىڭ ئەقىل ـ پـاراسـتـى ، بىلىم ـ كامالىتى ۋە ھۆسن ـ جامالى ئۈسـتـىـدە گـەپ ئىچىپتۇ . ئاشۇ قىتىمقى شىكاردىن بـۇيـان شـاھزادىـنـىـڭ مۇشـۇ ھالـغـا چۈشـۈپ قـالـغانلىقىدىن تولۇق خەۋەر تاپقان قىرى باھادىر بۇ ئەھۋاللارنى پادىشاھقا بىرمۇبىر بايان قىپتۇ .

# ئەلچى بىلەن دانىشمەن قىز

شاھى ئېھرام ئوغلى ھۈسەيىننىڭ ئەھۋالىدىن ۋاقىپ بولغاندىن كېيىن ، ئاغلاقچىلار ئارقىلىق موللا سەيىپىدىن ئاكىنىڭ ئائىلە ئەھۋالىنى بىلىپ يېتىپتۇ .

ئاغلاقچىلار كەلتۈرگەن خەۋەرلەرگە قارىغاندا ، دىيانەتكار دېھقانى ئەشرەپ سەيىپىدىننىڭ ئاقىل ۋە دانىشمەن قىزىنىڭ ئىسمى بۈبى رابىيە ئىكەن . ئۇ قىز ئانىسىدىن يەتتە ياشتا ئايرىلىپ يېتىم قېلىپ ، ھازىر كامالەت يېشىغا يېتىپتۇ . ئاتىسىنىڭ ھەممە ئىشىغا بۇ قىز ئەقىل كۆرسىتىدىكەن . ئەدەپ - ھايا ، نومۇسكويلۇقتا بۇ يۇرتتا بۇ ئاتا - بالىدەك ئادەمنى يەنە تاپقىلى بولمايدۇ » دەپ

ھەقـەمـسـايـىـلـىرىنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك شاھىتلىق بىرىپتۇ.

شـاھ بـۇبـى رابـىيەنى يەنىمۇ چوڭقۇر سىناپ كـۆرمەكـچـى بـولـۇپ، ئۆزى شـىـكـارغـا چـىـقـقـان ۋاقـىـتـلـىـرىـدا مـوللا سـەيـپـىدىن ئاكا بىلەن ئايرىم ئۇچـرىـشـىـپـتـۇ. ئۇنى قىزى بىلەن ئوردىغا تەكلىپ قىلىپ كۆرۈشۈپ، ئەدەپ ـ ئەخلاقىنى بايقاپتۇ.

بـىـر كـۈنـى شـاھ ئۆز ئەلـچـىـسـىـدىن موللا سـەيـپـىدىن ئاكىغا «ئۈچ يىلدا تۇغدۇرۇپ، 21 قىلىپ بـەرسـۇن» دەپ يەتتە قوچقار ئەۋەتىپتۇ. ئۇنىڭدىن مـوللا سـەيـپـىدىن ئاكا قاتتىق غەمگە چۆمۈپتۇ. بۇبى رابـىـيـە بـولـسا، ئاتىسىغا تەسەللى بىرىپ: «ئەلچى شـاھـىـنـىـڭ يـارلىقىنى يەتكۈزۈشنىلا بىلىدۇ، جان ـ دىـل بـىـلـەن قـوبـۇل قـىـلىپ ئالايلى» دەپ ئەلچىگە تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، يەتتە قوچقارنى ئېلىپ قاپتۇ. ئەلـچـىـنـى ئۇزىـتـىـشقا بىرنى سويۇپتۇ، قالغانلىرىنى ئۇدۇلـلـۇق سـويـۇپ، سـىـتىپ يەپ، ئاخىرى بىرسى قاپتۇ.

بۇبى رابىيە بىر كۈنى ئاڭلىسا ، ھېلىقى ئەلچىنىڭ چىشى ئاغرىپ قاپتۇ . ئۇ ، دەرھال ھېلىقى بىر قوچقارنى سويدۇرۇپ ، داستىخان قىلىپ ئەلچىنى يوقلاپ كەپتۇ . داستىخانلىرىنى يېيىپ بولغاندىن كېيىن : « مۇبارەك بولسۇن ئەلچىم ، كۆزىيىۋاپلا » دەپتۇ . چىش ئاغرىقىغا چىدىيالماي ياتقان ئەلچى ئورنىدىن سەكرەپ قوپۇپ : « نېمە دەۋاتىسىز ، ئەر كىشىمۇ كۆزىيەمدۇ ؟ » دەپتۇ . بۇبى رابىيە تەمتىرىمەي تۇرۇپ : « تەخسىر ، قوچقارمۇ قوزىلامدۇ ؟ » دەپتۇ . جاۋاب تاپالماي ئاچچىقىنى يۇتقان ئەلچى ئەتىسى ئوردىغا بېرىپ ، شاھقا دادلانغان ئىكەن ، شاھ قاقاقلاپ كۈلۈپتۇ ــ دە ، دەرھال بۇبى رابىيەنى چاقىرتىپ كېلىپ : «بارىكاللا ، قىزىم ئەقلىڭگە » دەپتۇ ۋە كۆپ ئىنئام ــ ئېھسانلار بېرىپ ، ئۇنى لايىقىدا ئۇزىتىپتۇ .

# شاهزادىنىڭ ئىلىم ـ ھۈنەر ئۆگىنىشى

شاھى ئېھرام ئوغلى ھۈسەيىننى ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق قىلىش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى، پەرزەنتلىك قىلىش ئۈچۈن، دېھقانى ئەشرەپ سەيپىدىنىڭ نۇرە چەشمىسى بوۋى رابىيەنى لايىق كۆرگەنلىكىنى ئېيتىپ، قېرى باھادىر ئارقىلىق ئوغلىدىن رىزالىق سوراپتۇ. شاھزادە ھۈسەيىن رازىلىقىنى بايان قىپتۇ. شاھ ئوغلى ھۈسەيىننى ئەمىر شەبلىككە ئۆستۈرۈپ، ئۇنىڭ بوۋى رابىيە بىلەن نىكاھلىنىش تەلىپىنى قوبۇل قىپتۇ.

شاھى ئېھرامنىڭ ئوردا ئەلچىلىرى موللا سەيپىدىن ئاكىنىڭ كەڭ ئېتىكى، تار قوينىغا

سېغىنىپ كەلگەن ئىكەن، موللا سەيپىدىن ئاكا قىزى بۇبى رابىيەنىڭ بېشىنى ئۆز كۆكرىكىگە يېقىپ، سىلاپ تۇرۇپ، كۆز يېشى قىلىپ: «قىزىم، بىز سەھرايى گادا تۇرساق، ئۇلار شاھ ـ سىپاھ تۇرسا، ئۇلار بىلەن قانداق قۇدىلىشارمىز؟» دەپ غەمگە چۆشۈپتۇ. بۇبى رابىيە دادىسىنىڭ ئىسسىق كۆز يېشىنى يۇمشاق قوللىرى بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ: «ئاتا، شاھزادە ھۆسەيىنىنىڭ ھۈنىرى بارمىكەن، ئىلىم ئۆگىنىپتىكەنمۇ؟ دېگەن سۆزدىن باشقىنى دېمىسەك» دەپتۇ. موللا سەيپىدىن ئاكا ئوردا ئەلچىلىرىگە مۇشۇ سوئاللارنى قويۇپ، لايىقىدا مېھمان قىلىپ ئۇزىتىپتۇ.

ئوردا ئەلچىلىرى يەتكۈزگەن سۆزلەرنى ئاڭلىغان شاھ توي تەييارلىقى پىشقىچە، ئوغلى ھۆسەيىننى ئىلىم ـ ھۈنەر ئۆگىنىپ كەلسۇن دەپ، 40 قېچىرغا مال يۈكلەپ، ئۈچ ئاي ئىچىدە ئىلىم ـ ھۈنەرلىك بولۇپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. شاھزادە ھۆسەيىن شاھ ئاتىسىغا ئېھتىرام بەجا كەلتۈرگەندىن

كېيىن، كارۋاننى باشلاپ يولغا چىقىپتۇ.
شاھزادە ھۇسەيىن بىر كۈنى يىگىسارنىڭ تۇپلۇق يايلىقىدا كېتىۋاتسا، بىر توپ پادىچىلار لايدا شاترەنج (شاھمات) ياساپ ئويناۋاتقۇدەك. بۇنى كۆرگەن شاھزادە دەرھال كارۋان يۈكلىرىنى چۇشۇرتكۇزۇپ، ئىككى كۈن ئىچىدە شاھمات ئويناشنى پادىچىلاردىن قېتىرقىنىپ ئۆگىنىۋاپتۇ. ئۇ يەردىن يولغا چىقىپ، يەكەنگە بېرىپ كارۋان سارايغا ئورۇنلىشىپتۇ. ئەتىسى شاھزادە ھۇسەيىن بىر مەدرىسەنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتسا، بىرقانچە تالىپلار ھەدەپ ئەبجەد ھېسابى ئۈستىدە مۇنازىرىلىشىۋاتقۇدەك. شاھزادە ھۇسەيىن ئىككى قېچىر مالنى ئۇلارنىڭ ئۇستازىغا سوۋغا قىلىپ، ئىككى ھەپتە ئىچىدە ئەبجەد ھېسابىنى ئۆگىنىپ، رەقەملەردىن جۇملە تۈزەلەيدىغان بوپتۇ.
شاھزادە ھۇسەيىن يەكەننىڭ سەھرا - يېزىلىرىنى ئارىلاپ، تاغ ئىچىدە بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ زىلچا توقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ ۋە 10

قىچىر مال بىرىپ، 40 كۈندە ئۇستازىغا ئوخشاش زىلچا توقۇيالايدىغان بوپتۇ. ئۇستازى: «قولىڭىز مەندىن تېز بوپتۇ. كونىلار ‹قولى ئاستا كاسىپتىن، ئايىغى ئىتتىك قەلەندەر ياخشى› دەپتىكەن، قولىڭىز بەرىكەتلىك بولغاي» دەپ دۇئا قىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ھۆسەيىن:

«ئۇيالما مەرىپەتنى ئۆگەنۈردىن،
بولۇر ھالىڭ تونۇر، قالساڭ تونۇردىن».

دىگەننى دائىم ئىسىدە تۇتۇپ، ئىككى خىل ئىلىم ۋە ئۈچ خىل ھۈنەر ئۆگىنىپ، قالغان قىچىرلاردىكى ماللارنى سېتىپ ئۆردىغا قايتىپتۇ.

# شاھزادىنىڭ ئۆيلىنىشى

شاھى ئېھرام ئوغلى ھۇسەيىنىنىڭ ئۈچ ئاي جەريانىدا ئۆگەنگەن ئىلىم ـ ھۈنەرلىرىنى بىرقۇر سىناپ كۆرۈپ، « ئەمدى تويۇڭنى باشلاي » دەپ، موللا سەيپىدىنگە سوۋغا ـ سالاملار بىلەن ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. بۇلار ھېچقانداق سوئال قويماستىنلا توي باشلاشنى ماقۇل كۆرۈپ، شاھقا جاۋابەن سوۋغا ـ سالاملار يوللاپتۇ. ئەھۋالنى ئاڭلىغان شاھ: « موللا سەيپىدىن بىلەن بۇبى رابىيە دانىشمەنلەردىن ئىكەن. بولمىغاندا، ئالدىنقى قېتىم قويغان سوئاللىرىنىڭ جاۋابىنى سورىشى لازىم ئىدى » دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، شاھ توي تەييارلىقىنى

پۈتكۈزگەندىن كېيىن، شەھەر ـ شەھەرلەرگە نامە يوللاپتۇ. پۈتكۈل ئەل ـ يۇرتقا 40 كېچە ـ كۈندۈزگىچە ھەرقانداق ئۆيدە قازان ئاسماسلىققا يارلىق چۈشۈرۈپتۇ. ھەممە ئەل توي ئويناپتۇ. يىراق شەھەرلەردىن كەلگەنلەر ئەمىر شەب ھۆسەيىننىڭ توي مەرىكىدە كۆرسەتكەن ئات ئويىنىنىش، چېلىشىش، ئوقيا ئۈزۈش، توپۇق ئويۇنى ①، چاۋگەن ئۇرۇش ②، سۇ ئۈزۈش ماھارىتىنى كۆرۈپ ئاجايىپ قايىل بولۇشۇپتۇ. شاھ لەشكەرلىرىنىڭ ماھارىتى ۋە خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ جانبازلىق، دارۋازلىق ماھارەتلىرىنى كۆرۈپ مەدھىيە ئوقۇپتۇ، تارتۇقلار سۇنۇشۇپتۇ، شاھى ئىبھرامنىڭ شۆھرىتىگە شۆھرەت قوشۇلۇپتۇ.

40 كېچە ـ كۈندۈزلۈك توي ـ تاماشادىن كېيىن، شاھزادە ھۆسەيىن بىلەن بۈبى رابىيەنىڭ

---

① ،② — ئۇيغۇر خەلق ئويۇنلىرىنىڭ قەدىمكى شەكىللىرى.

نىكاھ خۇتبىسى ئوقۇلۇپتۇ. ھەمدۇسانا بىلەن باشلانغان بۇ نىكاھ مۇراسىمىدا، ئەينى چاغدىكى قەشقەرنىڭ كاتتا ئۆلىمالىرىدىن بولغان خەتىپ جامالىددىن قەشقەرى مۇنداق دەپتۇ:
— نىكاھ تۇرمۇشىمىزدا ئەر - خوتۇننىڭ خۇشاللىق، قايغۇ كۈنلىرىدە بىر - بىرىنىڭ خۇشاللىقىنى خۇشاللىق، قايغۇسىنى قايغۇ دەپ بىلىدىغان، بىر - بىرىگە ياردەم ۋە شەپقەت قىلىدىغان، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىشىدىغان، ئائىلە يۈكىنى بىللە كۆتۈرىدىغان، ئائىلىنىڭ ئىناق ۋە ھالال مۇھەببىتىنى داۋاملاشتۇرىدىغان، تۇرمۇش - روزىگارچىلىق داۋامىدا، بەزى دىشۋارچىلىقلارغا يولۇققاندا، ئەر - خوتۇننىڭ ساداقىتىنى ئايرىيدىغان، بىر - بىرىنى چۈشىنىپ يېتىدىغان، تونۇيدىغان، تاۋلايدىغان بوتا ئوچاققا ئوخشاش ئۆلچەمدۇر. نىكاھ بىلەن ئەرگە جۈپتى روزىگار بولغۇچى زاتنى «قاتىن» دەپ ئاتايمىز. بۇ،

قېتىلدى، قويۇشتى، قوشۇلدى دېگەنلىك . يەنى ئىككى يات كىشىنىڭ مۇشۇ نىكاھ ۋەدىسى بىلەن كۆڭلى (دىلى) كۆڭلىگە، جېنى ـ جېنىغا، قېنى ـ قېنىغا قېتىلدى (ئارىلاشتى) دېگەن سۆزدۇر ①.

خەتىپ جامالىددىن قەشقەرى نىكاھنىڭ خۇتبە نۇتقىنىڭ يېرىمىنى تۈگىتىپ، بىر بۇرداناننى تۇزغا تەگكۈزگەندىن كېيىن، ئۇنى شاھزادە ھۈسەيىن بىلەن بۈبى رابىيەگە يېگۈزۈشنى بۇيرۇپتۇ ۋە بۇ ئىشنىڭ مەنىسىنى مۇنداق چۈشەندۈرۈپتۇ :

— بۇ، تۇز بىلەن باشلانغان تۇنجى نانني بىز بىللە يېدۇق . ئەمدى شۇ سائەتتىن باشلاپ، بىر قازاننىڭ تۇزىنى تەڭ يەيمىز . بىز ھەرگىز تۇزكورلاردىن بولمايمىز . تۇز بەرگەن ئانا ۋەتەنگە، ئەلگە ۋە ئائىلىمىزگە خىيانەت قىلمايمىز ... دېيىش

① نىكاھدىكى بۇ مېھرىبانلىقنى ئاقىقۇ قۇشلىرىغا ئوخشىتىپ، مانى دىنىدىكى ئۇيغۇرلار ھازىرمۇ قوللانماقتا.

ئۇچۈن شەرتلەشكەن تۈنجى روزىگارنىڭ غىزاسىدۇر، يەنى بۇ قەسەمدۇر ①.

ئۇنىڭدىن كېيىن، جامالىددىن قەشقەرى نىكاھ خۇتبىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئاۋۋال بۇبى رابىيەدىن خاتۇن بولۇش رىزالىقىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن شاھزادە ھۈسەيىننىڭ جۈپتى روزىگار بولۇش ماقۇللۇقىنى ئاڭلاپ، مۇبارەكبادلىق بىلدۈرۈپتۇ.

توي ئەھلى ناخشا - ناۋا، رەقس - سامالار قىلىپ، بۇرغا، كانايلار چېلىپ، بۇبى رابىيە ئوردىغا كېلىنلىك ئۈچۈن يۆتكەپ كېلىنىپتۇ. يولدا ھولو سالغۇچىلارغا تون - تەلپەك، يارماق - دىنارلار چېچىلىپتۇ.

---

① مانى دىنىدىكىلەرنىڭ «تۇزغا شاش قىلىپ بىرەي» دەپ قەسەم ئىچىشلىرى، تۇزنى ھۆرمەتلىشى، دۈشمەن تەرەپ مەجرۇھلارنى داۋالاشتا تۇز بەرمەسلىكى تاسادىپىي ئەمەس.

# جانغا ئەسقاتقان ھۆنەر

ئەمىر شەب ھۆسەيىن تويدىن كېيىن بۆبى رابىيە بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، خىزمىتىگە ئۆزە قاراپتۇ. بۆبى رابىيە ھامىلدار بوپتۇ. بىر كۈنى بۆبى رابىيە گەپ باشلاپ:

— ئەي ئەمىرىم، شاھىمىز سىزنى بىر ناۋاي قىلىپ يېتىشتۈرگەن ئىكەن، بېشىڭىزدا كۆتۈرۈپ يۈرگەن تەۋەڭدە تۆگمەس نېنىڭىز بار ئىكەن، ئىشتىھايىڭىز كەلگەندە قولىڭىزنى سۇنۇپلا ئېلىپ يەيدىكەنسىز. ناۋاي بوينىنى تىك تۇتۇپ تۈز يولدا ماڭمىسا، بېشىدىن تەۋەك چۈشۈپ كېتىپ، ناننىڭ بۇلغىنىشى تۇرغان گەپ، بېشىڭىزدىكى تەۋەك يانتۇ

كۆرۈنىدۇ، پەخەس بولمايدىكەنسىز، تەۋەڭنىڭ چۈشۈپ كېتىش خەۋپى بار كۆرۈنىدۇ، ـــ دەپتۇ.

ئايالىنىڭ بۇ مەنىلىك سۆزلىرىدىن تەسىرلەنگەن ھۈسەيىن دەرھال ھوشىنى يىغىپتۇ. ئۇ رەئىيەنىڭ ئەھۋالىنى بىلىش ئۈچۈن، بىر كۈنى ئوتۇنچى قىياپىتىدە ياسىنىپ، بېلىگە ئىككى زاغرىنى تۈگۈپ، ئىككى ئېشەككە ئوتۇن ئارتىپ، «ئوتۇن قانچە؟» دېگەنلەرگە «چاغلاپ بېرەلا، كەم بولا» دەپ قويۇپ، شەھەر كوچىلىرىنى ئايلىنىپتۇ.

ئەمىر شەب ھۈسەيىن سېتىقچى، قاسساپ، ناۋاي، كاۋاپچى، قىسقىسى ھەممىلا ساھەدىكىلەرنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنى ئاڭلاپتۇ. پاششاپ، چەكادى، جېسەكچىلەرنىڭ توغرىلىرىنى؛ رەئىيەنىڭ ئاھۇزارىغا قۇلاق سالماي، رەئىيەنى مەنسىتمەي تەكەببۇرلىشىپ كەتكەنلەرنى؛ ئوغرى، مەككار، خىيانەتچىلەرنى ئەتراپىغا يىغىۋالغانلارنى بايقاپتۇ. خەلقنىڭ بۇ جەھەتتىكى نارازىلىقلىرىنى ئاڭلاپتۇ. ماگا ـ ماگا، نامازشام ۋاقتىدا بىر كاۋاپچىنىڭ دۇكىنىغا كېلىپ

قاپتۇ. كاۋاپچى ئوتۇنغا كۆزى چۈشۈپ: «ئوتۇن قانچە؟» دەپ سوراپتۇ. ھۈسەيىن: «چاغلاپ بېرەلا» دېگەن ھامان، كاۋاپچى «تازا بىر سەھرايىكەن بۇ» دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، ھۈسەيىننىڭ كېلىشكەن گەۋدىسىگە سەپسېلىپ قاراپتۇ.

ئەمىر شەب ھۈسەيىن كاۋاپچىنىڭ قىياپىتىنىڭ خەۋپلىك ئىكەنلىكىنى بايقاپ، سالۋا تۇمىقىنى چۆكۈرۈپ كىيىپ، ئېشەكنى «قىخ» دەپ مېڭىشىغا، كاۋاپچى باشقىلارنىڭ سالا ـ سۈلھىسى بىلەن ئوتۇننى ئۆرىرەك باھادا ئاپتۇ، ھۈسەيىنگە ئوتۇننى بالىخانىغا تىزدۇرۇپتۇ. بۇ ئارىدا ۋاقىت خۇپتەندىن ئۆتۈپ قاپتۇ، كوچىدا كىشىلەرمۇ ئاز قاپتۇ. كاۋاپچى: «ھوي ئوتۇنچى، مەيەرگە كېلىپ قورساقنى تويدۇرۇۋال» دەپ تۆت زىخ كاۋاپ بىلەن چاي قويۇپتۇ. ئەمىر شەب ھۈسەيىن كاۋاپنىڭ پۇرىقىدىن «ھارام مالنىڭ گۆشىمىكىن؟» دەپ شۈبھىلىنىپ، ئۆز نىيىتىنىلا يەپتۇ ۋە: «پۇل

خىجىللىقىم بار ئىدى ، چىقىم قىلىۋەتسەم ، ھۆنەر دەسمايەم كېمىيدۇ» دەپ ئۆزرە ئېيتىپ ، كېتىشكە ئالدىراپتۇ .

كاۋاپچى ئەتراپتا كىشى قالمىغانلىقىنى بايقاپ ، گۆش پارچىلىغۇچىغا : « ئاۋۇ ساندۇقتىكى پۇلدىن ئېلىپ بەرگىن » دەپتۇ . ھۆسەيىن ساندۇقنىڭ يېنىغا پۇلنى سانىۋېلىش ئۈچۈن بارغان ئىكەن ، دەسسەپ تۇرغان ئورنىدىن بىر ئىشىك ئاستى تەرەپكە ئېچىلىپ ، ئۇ يەر ئاستى زىندانىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ . بۇنىڭ ئىچىدە نۇرغۇنلىغان كىشىلەر بار ئىكەن . ئۇلار ھۆسەيىنگە : « ۋاي ئىستەي ، كېلىشكەن يىگىت ئىكەنسەن ... » دېيىشىپ ئىچ ئاغرىتىپتۇ . ھۆسەيىن ئۇلار بىلەن ئەھۋال سورىشىپ ، ئىشنىڭ ئۇجۇر - بۇجۇرىنى بىلىۋاپتۇ . ھۆسەيىن بۇ يەردىكىلەرنىڭ دىققەتچىلىكىنى تۇگىتىش ئۈچۈن ، لايدا شاھمات ياساپ ، ئۇلارغا ئۆگىتىپ ، ئوينىشىپ مېلىكە بولۇشۇپتۇ .

بىر كۈنى كاۋاپچىنىڭ جاللىتى پىچىقىنى چىشلەپ كىرىپ، ئۇنى ـ بۇنى مىجىقلاپ كۆرۈپ، ھۆسەيىننى گوداڭ بېشىغا سۆرەپتۇ . جاللات ئۇنى باغلاپ، پىچاق سۈرگىلى تۇرغاندا، ھۆسەيىن: «ۋاي ئىسىت ھۈنەر ـ بىلىملىرىم، گۆش قىلساڭلار، بىر ئاخشاملىق كاۋاپ بىلەنلا تۈگەيمەن . مۇشۇ ئادەملەر بىلەن ھۈنەر قىلسام، نەچچە يۈز تىللاغا يارايتتى، بۇنىڭدىن جىق پايدا ئالاتتىڭىز» دەپتۇ . جاللات: «ھۈنىرىڭ نېمە؟ تېز ئېيت» دەپتىكەن، ھۆسەيىن: «زىلچا توقۇيمەن» دەپتۇ. جاللات پىچىقىنى قايتۇرۇپ، ھۆسەيىننى جايىغا سولاپ قويۇپتۇ ۋە كاۋاپچىغا مەلۇم قىلىش ئارقىلىق زىلچا توقۇشقا كېرەكلىك نەرسىلەرنى تەييارلاپ بېرىپتۇ . ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز دېگەندە، ھۆسەيىن ئۇتقاشتەك چاقناپ تۇرىدىغان بىر پارچە زىلچا توقۇپتۇ . ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر يولۋاس، يولۋاسنىڭ بېشىدا خەنجەر چىشلەپ تۇرغان بىر مۈشۈكنىڭ يولۋاسقا چاڭگال سېلىۋاتقان سۈرىتى

چۈشۈرۈلگەن ، سۇرەتلەرنىڭ قورساق تەرىپىگە ئەبجەد رەقەملىرىنى گۈل شەكلىدە بىرىپ ، ئۆزىنىڭ كاۋاپچىنىڭ زىندانىدا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپتۇ .
كاۋاپچى زىلچىنى كۆرۈپ كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ كىتىپتۇ : « دەرھال پەردازلا ، ئىككىنچىسىنى توقۇشقا كىرىش » دەپتۇ . ئىچىدە « بازارغا سالىمەنۇ ، دىگىنىمگە ساتىمەن ، لىكىن مىڭ تىللاغىمۇ بەرمەيمەن » دەپ ئويلاپتۇ .
ئەمدى گەپنى ئوردىدىن ئاڭلايلى . ھۈسەيىن قايتىپ كەلمىگەندىن كىيىن ، بۇبى رابىيە ئەھۋالنى شاھقا مەلۇم قىلماقچى بوپتۇ . ئۇ « ھۆرمەتلىك شاھ ئاتا ، ھەزرەتلىرىگە مەلۇم ، ئەمىر شەبلىرى ھۈسەيىن خىزمەت يۈزىسىدىن ئىككى ئۇلاغ ئوتۇن بىلەن ئوتۇنچى سۈپىتىدە چىقىپ كىتىپ ، بەلگىلەنگەن مۇددەتتە قايتىپ كىلەلمىدى ، قايسى ئىلىمنى ئوقۇغان ، ھۈنىرى نىمە ئىدى ، ۋاقىپ بولۇشلىرىنى سورايمەن ، پەرمانلىرىنى كۈتىمەن » دەپ ئىككى ئىلىك خەت يىزىپ ، ھامىلدارلىق بويى بىلەن شاھ

ھۇزۇرىغا كىرىپ، تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، خەتنى سۇنۇپتۇ. شاھ خەتنى ئېلىپ ئوقۇپ، بۆبى رابىيەنى خاس خانىسىگە باشلاپ كىرىپ كېتىپتۇ. ئۇردا ئەمىرلىرى: «بىرقانچە كۈندىن بېرى ئەمىر شەب ئوردا سالامىغا ئىشتىراك قىلالمىدى. بۈگۈن ـ ئەتە كۆزى يورۇشنى كۈتۈپ تۇرغان بۆبى رابىيە خېنىمنىڭ خاس كېلىشىدە ئېھتىمال سەۋەب بار» دېيىشىپ پەرمان كۈتۈپ تۇرۇشۇپتۇ.

شاھ خاس خانىسىدە ئوغلى ھۆسەيىننىڭ نىكاھلىنىش ئالدىدا ئۆگەنگەن ئىلىم ـ ھۈنەرلىرىدىن بۆبى رابىيەنى خەۋەرلەندۈرۈپ، تېزدىن ئىزدەش چارىسىنى ئويلىشىپتۇ. ئەتىسى شاھ مۇنداق پەرمان چۈشۈرۈپتۇ:

« بۈگۈندىن ئېتىبارەن ئوردىغا

ھەر خىل نۇسخىدىكى زىلچىلار سېتىپ

ئېلىنىدۇ. بارلىق زىلچا توقۇپ ساتقۇچىلار

ياكى ئائىلىسىدە زىلچىسى بارلار ئوردىغا

ئەكىلىپ كۆرسەتسۇن ، زىلچا سېتىش ئۈچۈن ئوردىغا كىرگۈچىلەرگە زىياپەت بېرىلىدۇ . زىلچا يارىسا دېگەن باھاسىغا ئېلىنىدۇ ؛ يارىماي قالغاندىمۇ ، شاھنىڭ ئەمر - پەرمانىنى ئىجرا قىلغانلىقى يۈزىسىدىن كېلىش - كېتىش ھەققى بېرىلىدۇ . يارىغان زىلچىلارنىڭ پۇلى نەق بېرىلىدۇ ، ئوردىنىڭ تەستىقىسىز بازاردا زىلچا ساتقۇچىلار شاھنىڭ ئەمر - پەرمانىغا خىلاپلىق قىلغۇچىلار دەپ قارىلىپ ، جازاغا مۇستەھىق قىلىنىدۇ » .

بۇ پەرمان ھەممە يەرگە يەتكۈزۈلۈپتۇ . زىلچا كۆرۈش ئۈچۈن ئايرىم ئۆي راسلىنىپتۇ . خەزىنىچى ، مېھمان كۈتكۈچىلەر تەييار بولۇشۇپتۇ . شاھنىڭ ئالدىدا بولسا ۋەزىر ئەزەملەر ، ئەمىر لەشكەرلەر ، ئالاقىدار قاراۋۇللار سەپراس بولۇپ تۇرۇشۇپتۇ .

شاھنىڭ ئەمر - پەرمانىدىن ۋاقىپ بولغان

خالايىق ھېيتلىق كىيىملىرىنى كىيىشىپ، زىلچىلىرىنى قولتۇقلىرىغا قىسىشىپ، ئوردىغا قاراپ ئېقىشقا باشلاپتۇ.

پەرماننى ئاڭلىغان كاۋاپچى دۇكاننى شاگىرتلىرىغا تاشلاپ، ئۆيىگە كىرىپ جابدۇنۇپ، ھېلىقى زىلچىنى قولتۇقىغا قىسىپ، ئوردىغا يول ئاپتۇ. زىلچا تاللاش خانىسىگە كىرىپ زىلچىنى يايغان ئىكەن، ئوردا كىشىلىرى زىلچىنىڭ گۈزەللىكىگە ھەيران قېلىشىپتۇ. بۇنى رابىيە زىلچىنى كۆرۈپلا ئەھۋالنى چۈشىنىپتۇ. «مانا مۇشۇنداق رەڭدىكى، مۇشۇنداق نۇسخىدىكى گىلەم قانچە بولسا شۇنچىلىك ئالىمىز» دەپ كاۋاپچىنى زىياپەتخانىگە باشلاپ قويۇپ، زىلچىنى ئېلىپ شاھنىڭ ھوزۇرىغا كىرىپتۇ. قالغانلار كاۋاپچى بىلەن سۆھبەتلىشىپ تۇرۇپتۇ، كاۋاپچى مەغرۇرلۇق بىلەن: «بۇنداق زىلچىنى مېنىڭ خوتۇنۇم توقۇيدۇ، باھاسىغا كېلىشسەكلا قانچىنى دېسە توقۇپ بېرىمىز» دەپتۇ. شاھ كاۋاپچىنىڭ ئۆيىگە تېزدىن مەخپىي ھالدا كىشى

ئەۋەتىپ قارىغۇدەك بولسا ، خوتۇنى بويىدىن ئاجراپ ياتقان ، زىلچا تۇگۇل ئىشتانباغ توقۇغۇچىلىك تەلەتى يوق ئىكەن .

شۇنداق قىلىپ ، باھالىشا ـ باھالىشا ، كاۋاپچىنىڭ دېگىنىگە يەتكۇچە بولغان ئارىلىقتا ، شاھنىڭ پەرمانى بىلەن كاۋاپچىنىڭ دۇكىنى قورشاۋغا ئېلىنىپ ۋە زىندان ئىشىكى پاچاقلىنىپ ، ئەمىر شەب ھۆسەيىن باشلىق بەند زىندانلار ئازاد قىلىنىپتۇ . كاۋاپچىنى ھەددىدىن ئاشقان جىنايىتى ئۈچۈن شەھەر ئايلاندۇرۇپ سازايى قىلىپ يۈرگەندە ، شائىرلارنىڭ پارسى زەباندىكىلىرى: «ھۈنەردار ھۈنەرەست ، بى ھۈنەر خارەست» دېيىشسە ، تۈركىي زەباندىكىلىرى : « تىكەنكى باش چىقارسا مەملىكەت گۈلزارىدىن ، سىياسەت تىغى بىلەن باشىنى ئۈزمەك كېرەك » دېيىشكەن ئىكەن .

شاھ دار ياسىتىپ ، كاۋاپچىنىڭ پۇلغا تويماس نەپسىگە ھېلىقى زىلچا باھاسىغا كېلىشكەن تىللانى ئېرىتىپ ئاغزىدىن قۇيۇپ ، دارغا ئېسىپ

ئۆلتۇرۇپتۇ.

ئەمىر شەب ھۇسەيىن پاجىئەدىن قۇتۇلۇپ، ئۆز مەرتىۋىسىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، شاھى ئىبھرام: «ھازىردىن باشلاپ ھەربىر باشقا مىلك خىل ئىلىم - ھۈنەر ئازلىق قىلىدۇ. ھاياتلىقتىن - ماماتلىققىچە ھەرقانداق ئەر - ئايال ئىلىم - ھۈنەر ئۆگىنىپ ئۆزىنى قەدىرلىسۇن. كىمكى ئىلىم - ھۈنەر ئەھلى بولۇشقا ئادەتلەنمەيدىكەن، سىلىقنىڭ كۆپ قىسمى شۇلاردىن ئېلىنسۇن، چۈنكى مۇنداق كىشىلەر ئۆز - ئۆزىنى خار قىلغۇچىلاردۇر» دېگەن پەرماننى چۈشۈرۈپتۇ.

# مەھمۇدنىڭ تەۋەللۇتى

شاھى ئېھرام ئوغلى ھۇسەين بىلەن دېھقانى ئەشرەپ موللا سەيپىدىن ئاكىنىڭ قىزى بۇبى رابىيەنىڭ سەممىي مۇھەببىتى ۋىسال چەشمىسىدىن سۇ ئىچىپتۇ . شاھ ئوردىسىغا بۇبى رابىيەنىڭ كېلىن بولۇپ كېلىشى ، سەلتەنەتنىكى ئادالەتنىڭ روناق تېپىشىغا ، يۇرتنىڭ مەمۇر ، ئەلنىڭ بەختىيار بولۇشىغا سەۋەب بوپتۇ .

بۇبى رابىيە ھامىلىدار بولۇپ ، ئارزۇ ئاسمىنىدا پەرزەنت سۇبھىسى ئاقىرىشقا باشلاپتۇ . ئەمىر شەب ھۇسەين ئايالىنىڭ يەڭگىش ئېپادىسى بىلىنگەچكە ، شاھ ئاتىسىغا ئۆزرە بايان قىلغان

ئىكەن، بۇبى رابىيە ئاتىسى موللا سەيپىدىن ئاكا ئالدىغا ئاسراپ ئەۋەتىلىپتۇ. توققۇز ئاي، توققۇز كۈن، توققۇز سائىتى توشقاندىن كېيىن، بۇبى رابىيە ئاتىسى سەيپىدىن ئاكىنىڭ سۆسەر ئاغزى ئازىخ كەنتىدىكى باغۇئىرەملىك ھويلىسىدا پەيشەنبە كۈنى قۇببەيلى سەھەردە ئاپتاپ سۈرەتلىك بىر پەرزەنت تۇغۇپ، تىنچ ـ ئامان، ساق ـ سالامەت كۆزى يورۇپتۇ.

موللا سەيپىدىن ئاكا تۇغۇت ئانىلىرىدىن: «بۆرىمۇ ـ تۈلكىمۇ؟» دەپ سورىغان ئىكەن، ئۇلار: «بۆرە» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئوغۇلنىڭ ھەمرىيىنى ياچاق بىلەن كۆمگەندىن كېيىن (ئۇيغۇرلاردا قىز بولسا قونچاق بىلەن، ئوغۇل بولسا ياچاق بىلەن بالا ھەمرىيى كۆمۈلىدىغان ئادەت بار)، موللا سەيپىدىن ئاكا سۆيۈنۈپ «قۇدىسى شاھى ئىبھرام بىلەن كۈيئوغلى ئەمىر شەب ھۇسەيىنگە خۇش خەۋەر قىلىمەن» دەپ، بىغىدىكى يېگىلا پىشقان ئۆرۈكتىن بىر سىۋەت

قاچىلاپ يولغا راۋان بوپتۇ .

شاھى ئىبھرام شاھزادىلىرى بىلەن ئوپال ئارت « قىرىق بۇلاق » ئەتراپىغا شىكارغا بارغان ئىكەن ، تاغدىكى ھاڭ ئۈستىدىن ئىرغىغان ئاتىنىڭ تۇۋىقى تېيىلىپ كېتىپ ، شاھ ئىتى بىلەن ھاڭغا چۈشۈپ كەتكەن . لېكىن ، ئات قازا تېپىپ ، شاھ ئۆزى سالامەت قالغان مەھەلدە موللا سەيپىدىن ئاكا يېتىپ كېلىپ ، ھۇسەيىن باشلىق ئەمىرلەر بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ . قۇۋانچىلىق خەۋەرنى شاھقا ۋە كۈيەۋ ئوغلىغا يەتكۈزۈپتۇ .

شاھ ئۆزىنىڭ زور پالاكەت ۋە دىشۋارچىلىقتىن سالامەت قالغانلىقى ، يېڭى نەۋرىسىنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكى شەرىپىگە شىكارغا مىنىپ چىققان 40 يىگىتنىڭ ئاتلىرىنى نەزىر قىلىپ ، شۈكرانىسىغا دۇئا ـ تەكبىر ئۆتكۈزۈپتۇ . سەيپىدىن ئاكىغا ئاجىغ ① بېرىپ تارتۇقلاپتۇ ۋە :

① ئاجىغ ـــ خان مۇكاپاتى بولۇپ ، ئارغىماق ، دەستار ، تون ، بەلۋاغ قاتارلىقلاردىن ئىبارەت .

«بۇگۇندىن ئېتىبارەن شەنگىز خوجا سەيپىدىن بۇزرۇك بولغاي، بۇبى رابىيە قىزىمىزنىڭ ئوغۇل پەرزەنت كۆرگىنىگە مۇبارەك بولغاي» دەپتۇ. ھەممەيلەن خوجا سەيپىدىن بۇزرۇك ① بىلەن ئەمىر شەب ھۇسەيىننى تەبرىكلىشىپتۇ. شاھ يەنە پەرمان چۈشۈرۈپ، ئەمىر شەب ھۇسەيىنگە ئەمىر سۇلتان مەرتىۋىسىنى بېرىپتۇ.

---

① بۇ كىشىنىڭ مازىرى ھازىر ئوپالنىڭ قۇمباغ (ئازىخ) كەنتىنىڭ جەنۇبىدىكى دۆڭدە بولۇپ، «ھەزرىتى سەيپىدىن بۇزرۇكۋار مازىرى» دەپ ئاتىلىدۇ.

# ئات تويى

شاهى ئېهرام پۇتكۈل ئەلدىكى ئاتاقلىق مۇنەججىم ، موللا - ئۆلىما ۋە يۇرت كاتتىلىرىنى يىغىپ ، نەۋرىسىگە ئىسىم قويۇش تويى ئۆتكۈزمەكچى بولۇپ ، ئاكابىرلارغا خەۋەر بېرىپتۇ . ھەممە يىغىلىپ « ئات تويى »نى كاتتا زىياپەت - تەنتەنە بىلەن «قىزىل مەسچىت ئاتام» دېكى ئوردىدا ئۆتكۈزۈپتۇ . زىياپەت ئاخىرىدىكى دۇئايى خەيرىدىن كېيىن ، شاھنىڭ يىگى نەۋرىسى تۈرك خاقانلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتى بويىچە ئاق كىگىزگە ياتقۇزۇلۇپتۇ . ئۇنى بىر توققۇز سىپاھ كۆتۈرۈپ ، ئوردا مېھمانخانىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئەكىرىپ ، يەردە

قويماي كۆتۈرۈشۈپ تۇرۇپتۇ .

سورۇن ئەھلى ۋە خوجا سەيپىدىن بۈزرۈك قاتارلىق مېھمانلارنىڭ ھەممىسى : « قۇتلۇق بولسۇن شاھىمىزغا » دەپ مۇبارەكبادلىق قىپتۇ . ئاندىن ۋەزىر ئەزەم بوۋاقنى قولىغا ئېلىپ ، پېشانە ۋە تاپانلىرىغا سۆيۈپ : « شاھزادە يەتتە ئىقلىمغا شاھ بولغاي » دەپتۇ . بۇنى ئاڭلاپ شاھى ئېھرام مىيىقىدا كۈلۈپتۇ . ئىككىنچىسى بوۋاقنى قولىغا ئېلىپ : « كاتتا باھادىر ۋە ئەقىللىق بولۇشى ــ قۇلاقنىڭ چوڭلۇقى ، پېشانىنىڭ كەڭلىكىدىن بىلىنىپ تۇرىدۇ . ئەلۋەتتە ، بۇ خاسىيەت شاھزادىگە خاستۇر » دەپتۇ . شاھقا بۇ سۆزمۇ بىر نەۋئى تۇيۇلغاندەك ، قىياپەت ـ بەشىرىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ . ئۈچىنچى ، تۆتىنچى ، بەشىنچى ، ئالتىنچىلىرىمۇ شاھقا ياخشى كۆرۈنۈش ۋە خۇشامەتتىن يېقىشلىق سۆزلەرنى سېغىنىلىق بىلەن تۆكۈشكە باشلاپتۇ . يەتتىنچى نۆۋەتتە شاھنىڭ قۇدىسى مولىلا سەيپىدىن ئاكا نەۋرىسىنى قولىغا ئېلىپ :

— تەگرىم بىزگە بۇ يىگى مېھماننى ئاتا قىپتۇ، — دەپتۇ. ئاندىن:

« تەگرىدىن ئەلچى كېلىپتۇر سانى يوق،
ئەلچىنىڭ مىنگەن ئېتىنىڭ جانى يوق.
ئەلچىگە جوپ قوي بېرىپتۇ تەگرىمىز،
پوستى بارۇ، گۆشتى بار، ئۇستىخانى يوق ».

دېگەن نەزمنى ئوقۇغاندىن كېيىن، — مەن تەگرىگە مىڭ مەرتىۋە شۈكۈرلەر بەجا كەلتۈرىمەن. ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىلىرىغا بەخشەندە قىلىدىغان ھەرقانداق بايلىقى ئىلىم ۋە ئەدەپ ئۆگىتىشتىن ئەۋزەل ئەمەستۇر. نەۋرىمىز تەگرىم نېسىپ قىلسا، تەربىيىمىز بىلەن ئالىم بولغۇسىدۇر، — دېگەن ئىكەن، پۈتكۈل مېھمانخانىدىكىلەر « بارىكاللا » توۋلىشىپ كېتىپتۇ. ئارقىدىنلا «ئاللاھۇئەكبەر! ...» دېگەن تەكبىر ساداسى ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپتۇ.

شاھنىڭ خۇشاللىق يېشى كۆز چانىقىدىن ئىختىيارسىز ھالدا ئېقىپ، نورۇز بولاق سۈيىدەك ئېتىلىپ چىقىپتۇ. شاھ يۈگۈرۈپ كېلىپ موللا سەيپىدىننى قۇچاقلاپ، يېڭى نەۋرىسى بىلەن بىللە كۆتۈرۈپ، چۆرگىلىتىپ، ئاندىن يەرگە دەسسىتىپتۇ.

شاھى ئېھرام نەۋرىسىنى قولىغا ئېلىپ باش - كۆزلىرىگە سۆيۈپتۇ، كېيىن خالايىققا قاراپ:

« ئىلىم ئىلەدۇر نىزامى ئالەم،
ئەدەپ ئىلەدۇر كامالى ئادەم» .

دېگەن نەزمىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، — مەن يەتتە ئىقلىمنىڭ شاھلىقىدىن ئەۋلادىمنىڭ ئالىم بولغىنىنى چوڭ دەرىجە دەپ بىلىمەن. ئالىملىق ئىككىلا دۇنيا نىجاتلىقى ۋە شاھلىقىدۇر. مېنىڭ دىلىمدىكى ئارزۇيۇمنى ۋەلى (ئالدىن بىلگۈچى — كارامەت قىلغۇچى) گە ئوخشاش قۇدىمىز موللا سەيپىدىن

تاپتى . مەن بەكمۇ رىزا بولدۇم . شۇڭا ، بۈگۈندىن باشلاپ ، بۇ كىشىنىڭ نامىنى پۈتكۈل ئەل «سەيپىدىن ۋەلىيۇللا » دەپ ئاتىغاي ، ــ دەپ پەرمان قىپتۇ . ھەممە بەيەكبار تەزىم بىلەن : « خۇپ ! » دەپ رىزالىق بىلدۈرۈشۈپتۇ .

ئۇنىڭدىن كېيىن ، شاھى ئېھرام مۇنەججىملەرگە قاراپ : « بىزنىڭ شان ـ شەۋكىتىمىزگە بۇ ئۇغۇلنىڭ دۇنياغا كۆز ئاچقانلىقى يەنە شەرەپ قوشتى . قېنى ، مۇنەججىم ـ ئۆلىمالىرىمىز ئىسىم بەلگىلەيلى » دەپتۇ . ھەركىم ئۆز موتالىئەلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشۇپتۇ . ئۆلىمالاردىن بىرى :

ــ شاھ جانابلىرى بۈگۈن ئىلمۇئىرپانپەرۋەرلىكلىرىنى ئايان قىلىپ ، ئارزۇلىرىنى شاھلىقتىن يۇقىرى تۇتۇپ ، بىزگە سائادەت يولىنى كۆرسەتتىلە ، ئىلىم ئەھلىلىرى تولىمۇ مەمنۇن بولدۇق، شۇڭا سىلىدەك شاھىمىزنىڭ دەۋرى بىلەن ماختىنىمىز . ھەممىمىز مۇشۇ

ماختىنىش ۋە مەنىۋىيەتلىرىمىزگە شۇكۇرلەر بەجا كەلتۈرۈپ، ۋەدىمىزگە ۋاپا قىلىمىز. بىزنىڭ مۇشۇ نىيەت ــ مۇددىئايىمىزنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن، قۇتلۇق قەدەملىك پەرزەنتلىرىگە بەش ھەرپتىن ئىبارەت بولغان «مەھمۇد» (ماختانغۇچى) دېگەن ئىسىم قويۇشنى ئىلتىجا قىلىمىز. بۇ ئىسىم ئۇلۇغ ئەلچى ① نىڭ 5 ـ ئىسمى ۋە ھەربىر ھەرپىگە خاسىيەتلىك مەنىلەر يوشۇرۇنغاندۇر. بىرىنچى ھەرپ «م» (مىم) مېھىر ـ شەپقەت، مۇرۇۋۋەت، ماھارەت، مەمنۇنىيەت دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. «خ» (ھى) ھەمدۇسانا ئېيتقۇچى، ھاياتبەخش، ھايالىق، ھازىر (تەييار)، ھۆر، ھېلىم دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. «م» (مىم) مۇددىئا، مۇراد ـ مەقسەت، مۇنىس (ھەمراھ)، مېھرىبان، مەرد، مەغرۇر، مۇرادىغا ئېرىشكەن دېگەن مەنىنى؛ «و» (ۋاۋ) ۋاپادار، ۋايىغا يەتكۈچى، نەسەبىنىڭ ۋارىسى،

① ئۇلۇغ ئەلچى — بۇ يەردە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى كۆرسىتىدۇ.

ئىلىمنىڭ ۋارىسى دېگەن مەنىنى؛ « د » (دال) دادىل، دىيانەتكار، دىل كۇشاھ، ئىلىم ـ بىلىم، ھۈنەر ـ ماھارەت بىلەن ماختانغۇچى، شۆھرەت قازانغۇچى، داھىي راخ (يولباشچى) دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ، ـــ دەپ ئىزاھ بېرىپتۇ.

شاھى ئېھرام خالايىق مۆتىۋەرلىرى ئالدىدا.

ـــ ئۇنداق بولسا، كۆز نۇرىمىز بولغان نەۋرىمىزنىڭ ئىسمى مەھمۇد ئىبنى ھۈسەيىن بولسۇن، ـــ دەپ دۇئاغا قول كۆتۈرۈپتۇ. ھەممەيلەن « قۇتلۇق، قۇتلۇق ... » دەپ مۇبارەكلىشىپتۇ.

ئاخىرىدا، شاھى ئېھرام: « ئوغلىمىز ھۈسەيىن بۇ مۇبارەك پەرزەنت ھۆرمىتىدىن بۇگۈندىن باشلاپ ئەمىر سۇلتان ھۈسەيىن دەپ ئاتالسۇن؛ خالايىق ئىچىدە ئىلىم ۋە ھۈنەر شۇنداق روناق تاپسۇنكى، ئىلىم ـ ھۈنەر بىلمىگەن بىرەر كىشى سەلتەنەتىمىز تەۋەسىدە كۆرۈلمىگەي. ھەرقانداق كىشى ئىلىم ـ ئەخلاق ئىگىسى بولۇپ،

پەزىلىتىنى ئارتتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئىنسانىي بىباھالىقىنى كۆرسەتكەي. كىمكى ئىلىم ـ ھۈنەر ئەھلى بولۇشقا ئادەتلەنمەيدىكەن، ئۇنداقلار ئۆزىنى ئۆزى خار قىلغۇچىلاردۇر. ئىلمۇئىرپانغا قىيا باققۇچىلارنى ھاشارغا ھەيدەپ، ئۇلارنىڭ سىلىقىنى ئىغىرلاتقاي » دەپ پەرمانى ئالىي قىپتۇ.

# مەھمۇدنىڭ بوۋاقلىق دەۋرى

شاھزادە مەھمۇد تەلپۈنگەندە ، شاھى ئېھرام قوۋانىپ بىر توقسان قوي ئۆلتۈرۈپ ، ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە « ھەقىق تويى » قىپتۇ . پىشۇرۇلغان گۆشنىڭ سۆڭەكلىرىگە تىغ تەگكۈزمەي بېغىشلىرىدىن ئاجرىتىپ ، مېھمانلارغا ئۆز لايىقىدا تارتۇقلاپتۇ . ئۇنىڭدىن كېيىن ، ئۇستىخاننىڭ ھەممىسىنى يىغىپ « كىپەنلەپ » ، بالىنىڭ ئۆمرى ئۇزاق بولسۇن ئۈچۈن « قىزىلجاي ئاتام »دىكى زاراتگاھلىققا « دەپنە » قىلىپ ، پاتىھە بېرىپتۇ .

مەھمۇدنىڭ دەسلەپكى قىرىق چېچىنى ئالدۇرغاندا ، ئېلىنغان چاچنىڭ ئېغىرلىقى بىلەن باراۋەر ئالتۇننى ساتىراش ئۇستامغا بېرىپتۇ . سورۇن

ئەھلىگە ئالتۇن ئاياقتا دىنارلار ھەدىيە قىپتۇ. بوۋاقنى بۆشۈككە بۆلىگەندە قارا باسمىسۇن ئۈچۈن، بۆشۈك ئاستىغا (ئوۋۇدا ئاستىغا) كۈمۈش خەنجەر، ئوقيا ۋە تۇز سېلىپ بۆلەپتۇ. تىلى چىقىشقا تەمشەلگەندە، خوراز ئالدىغا ۋە قارلىغاچقا تەلپۈندۈرۈپتۇ. باتۇرلۇق نىشانى بولسۇن ئۈچۈن، ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە نىياز قىلىپ، سىكىلەك قويدۇرۇپتۇ.

بىر كۈنى بۇبى رابىيە ئاپتاپ ئۆتۈش بىلەن خەستىلەنگەنلىكتىن، شاھ مەھمۇدنى ئەمدۈرۈش ئۈچۈن ئىنىكئانا ئىزدەپتۇ. لېكىن، بۇبى رابىيە:

— بالىنىڭ ئانىسى ئۇنى تۇغقان مەنلا ئەمەس، بەلكى ئوغلۇمنى ئېمىتكەن خاتۇنمۇ ئانىلىقا مۇناسىپ. كائىناتقا قۇياشنىڭ تەسىرى قانداق بولسا، ئەۋلادىغا ئانىنىڭ تەسىرى ھەم شۇنداقتۇر. قۇش بالىلىرى، تايچاق، بوتىلاق، قوزا ـ مەچەكلەرنىڭ ھەممىسى ئالدى بىلەن ئاتىسىنى ئەمەس، ئانىسىنى تونۇيدۇ. ئانا تەرىپىدىن ساغلام، ئىلمىي، ئەخلاقىي تەربىيە كۆرمىگەن بالا دۇنيانىڭ ھەممە ئىلمىنى ئۇقسا، دىۋانلارنى تولدۇرغۇدەك

مەلۇماتنى مېڭگە جايلاشتۇرسا ، ئۇ ھەتتا پەيلاسوپ بولسىمۇ ، ئەمما ھەقىقىي ھايات ئادىمى ، ئىلىم ، ئەخلاق ، دىن ئادىمى بولالمايدۇ . بىر مىمار (تامچى ) ئۇستا تامنىڭ ئۇل خىشىنى مايماق قويسا ، ئۇنىڭ تېمى ئاسمانغا تاقاشسىمۇ ھەم مايماق چىقىدۇ . ئوغلۇم مەھمۇد خاندانىمىزنىڭ نەشئەسى ، ھاياتىمىزنىڭ مېۋىسى ، تاناسىل ۋە تەكاسىر مەۋزىئىدە ئۆمرىمىزنىڭ غۇنچىسىدۇر . شۇڭا ، ئۆزۈم قارىشىم ۋە ئەمدۈرۈشۈم كېرەك ، — دەپ ، ئوردىدىن تاپقان ئىنىكئانىنى رەت قىپتۇ .

بۈبى رابىيە ئوغلى مەھمۇد تەلپۈنگەندە ئاۋايلاپ ، تەمتەم ماڭغاندا ئارقىسىدا يۈرۈپ ، يىقىلسا يۆلىمەي ، ئۆزى تۇرۇشنى ، جۈرئەتنى، ئۆگىتىپ ؛ مېيىپ ، مەجرۇھ ، مەلغۇن قىلماي ، تەتە ئېتىپ ئايىغىنى تېز چىقىرىپتۇ . بالىنىڭ ئالىغاي بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ، بىرنەچچە مەرتىۋە چېچىنى ياندۇرۇپتۇ ؛ ھاپ قوۋۇز بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ، ئوك ـ سولدىن ئەمدۈرۈپ ، ساغلام ئۆستۈرۈپتۇ .

بالىلىق چېغىدىن ئىنساپلىق يېتىلگەن

مەھمۇد ئانىسىنىڭ ھەرقاچان ئوڭ بىغىرىنى ①
ئېمىپ، سول قىسمىنى سىڭلىسى ئۈچۈن قالدۇرغان
دېگەن رىۋايەت بار.

نىزافەتنى ئادەت قىلغان بۇبى رابىيە دائىم بىغىرىنى پاكىز يۇيۇپ تاھارەت ۋە پاكلىق بىلەن ئېمىتكەن. ئوغلى ئالدىدا يالغان سۆزلەش، بۆ - بۆ قىلىش، بىر نەرسىنى يوشۇرۇپ قويۇش، شىپتىلىلىك قىلىش، ياتاق كىيىملىرى بىلەن كۆرۈنۈشتىن ساقلانغان. مەھمۇدقا ئېچىغان، بۇزۇلغان سۈتلەرنى ئەمدۈرمىگەن.

ئەمچەكتە بالىلىرى بولغان ئاياللارغا يېقىنلىشىش، خاتۇنلارنىڭ سۈتىنى بۇزىدۇ. بۇ سۈت بالىلارنىڭ مىجەزىنى بۇزىدۇ.

بۇبى رابىيە ساماۋى كىتاب «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئەمرى بويىچە، بالىنىڭ ئانىدىكى سۈت ھەققى ئىككى يىل ئىكەنلىكىنى بىلىسمۇ، ئەمما ئۆزىنىڭ كېيىنكى پەرزەنتىگە ھامىلدارلىقى بىلىنگەچ،

---

① بىغىر — كۆكسى بولۇپ، بىغىرداق — لىپتىك دېگەنلىك. ئۇنى ئۇيغۇرلار بەك بۇرۇن ئىشلەتكەن.

ئوغلىنىڭ چوڭ بولۇپ سىپاھلىققا قاتناشقىنىدا ئات چېپىشقا يارىماس بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، شاھزادە ھۇسەيىنىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئوغلىنى سۈتتىن توختاتقان.

مەھمۇدنىڭ تىلى چىققاندىن كېيىنلا بۇبى رابىيە ھەر كۈنى ئۇنى ئەتىگەندە تۇرغۇزۇپ: «بىرىنچى، يالغان گەپ رىزقنى يەيدۇ؛ ئىككىنچى، شاراب ئىماننى يەيدۇ؛ ئۈچىنچى، غەم ئۆمۈرنى يەيدۇ؛ تۆتىنچى، سەدىقە بالانى يەيدۇ؛ بەشىنچى، تەۋۋا گۇناھنى يەيدۇ» دېگەن سۆزلەرنى تەكرار ئېيتىشنى ئادەتلەندۈرۈپ، مەكتەپكە بېرىشتىن بۇرۇن ئۆگىتىپ بولغان. كەچلىرى ئوردىدىكى باللار بىلەن ئۆتۈش ئويۇنى ①ئويناتقۇزغان.

① ئۆتۈش ئويۇنى — مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئىزاھلاپ كۆرسىتىشىچە، باللار ھالقا بولۇپ ئولتۇرىدۇ. ئارىدىن بىرى يېنىدىكىسىنى تۇرتۇپ ئۇنىڭغا: «ئۆتۈش» دەيدۇ. بۇ، «سەنمۇ يېنىڭدىكى بالىنى تۇرت» دېگىنى بولۇپ، ئۇمۇ شۇنداق قىلىدۇ. ھالقىنىڭ ئاخىرىغىچە ئويۇن شۇ تەرىقىدە داۋام قىلىدۇ.

# مەھمۇدنىڭ مەكتەپكە كىرىشى

مەھمۇد تۆت ياش، تۆت ئاي، تۆت كۈنلۈك بولغاندا، «كونا قورغان» دېگەن جايدىكى ئىككى ھېيت نامىزى ئوقۇلىدىغان كاتتا جامە قېشىدىكى مەكتەپكە تەنتەنە بىلەن ئېلىپ بېرىلىپتۇ.

مەكتەپكە مەھمۇدنى ئېلىپ بېرىشتا، بوۋىلىرى شاھى ئېھرام بىلەن سەيپىدىن ۋەلىيۇللا ئۇنىڭ ۋە سول قوللىرىنى يېتەكلەپتۇ، ئەمىر سۇلتان ھۈسەيىن يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرغان خالايىقلارغا خونچىدە كۆتۈرگەن كۈمۈش دىنارنى ھەر دوقمۇشتا ئوغلىنىڭ بېشىدىن ئۆرۈپ چېچىپ بېرىپ، ساخاۋىتىنى كۆرسىتىپتۇ. ئۇلار دەرسخانىغا

كىرىپ، ئۇستازغا سالام قىلىپ، هال ـ ئەهۋال سورىغاندىن كېيىن، پەرزەنتى مەهمۇدنى خەلىپىتىمگە تاپشۇرۇپ: «پەرزەنتىمىز ئۇچۇن ئاتىلاردا بولىدىغان ئىككىنچى هەققى، يەنى ئىلىم تەلىم بېرىشنى بۇگۇن سىلىگە تاپشۇرۇپ ئادا قىلىشقا كەلدۇق. ئۇمىدىمىز زايە بولمىغاي» دەپتۇ.

ئەمىر سۇلتان هۈسەيىن مەكتەپتىكى ساۋاقداشلارغا بىر ئېتەكتىن ياڭاق، بىر توققۇزدىن تۇخۇم، توققۇز پۇلدىن يارماق تارقىتىپتۇ. ئۇستازنى بىر ئات، دەستار (سەللە)، ئىراقىدىن تىكىلگەن تون، كىمسەندىن تىكىلگەن مەسە ـ كالاچ بىلەن تارتۇقلاپتۇ. ئۇلار بىرئاز ئولتۇرۇپ دەرس ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇستازغا ساۋاقداشلارنى «سالاۋات» قويۇپ بېرىش تەكلىپىنى بېرىپ قايتىشىپتۇ.

# ئائىلە تەربىيىسى

مەھمۇد كىچىكىدە ئائىلىسىنىڭ ياخشى تەربىيىسىنى ئالغان ئىكەن. ئۇنىڭ دادىسى ئەمىر سۇلتان ھۈسەيىننىڭ تونۇشىچە، بالىنىڭ ئاتىدىكى ھەققىلىرى مۇنداق ئىكەن: (1) چىرايلىق ئىسىم قويۇش، (2) سۈت ئەمدۈرۈشنى چىرايلىق تاماملاش (ئانا سۈتى تەركىبىدە ياغ، شىرنە، تۇخۇم ئاقسىلى، تۇز ماددىلىرى ۋە مەدەنلەر بار)، ھالالدىن رىزقلەندۈرۈش. (3) ئىلىم تەلىم بېرىش، ئوقۇش- يېزىشنى ئۆگىتىش. (4) سۇ ئۈزۈشنى، ئوقيا ئېتىشنى، ئەدەپنى ئۆگىتىش. (5) بالاغەتكە يەتكەندە، ئاتا ـ ئانىنىڭ ئەمرلىرىنى بېجىرىشتىن ئىبارەت.

مەھمۇدنىڭ زېھنى زاكاۋىتى كىرگەندىن باشلاپ، ئىلىم ـ ھۈنەرنىڭ قەدرىگە يەتكەن ئەمىر سۇلتان ھۈسەيىن ئوغلىنىڭ تۈرلۈك ھەۋەسلىرىگە زەن سېلىپ، ئۇنىڭ ئوقۇش قىزغىنلىقىغا كۆزى يېتىپتۇ. ئۇ يەنە «مەخسۇس تەربىيىلىگۈچى» تەيىنلەپ، مەھمۇدنىڭ ئىلىم ئۆگىنىشىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپتۇ.

مەھمۇد مەكتەپكە كىرىپ، ئۆز ئارزۇسىنىڭ تۇنجى ئىشىكى ئېچىلغانىنى كۆرگەن مەرىپەتلىك ئايال ــ بۈبى رابىيە ئوغلىنى ھەر كۈنى سەھەر تۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىنى يۇيۇپ، ئۇچىسىغا شاھزادىلەرگە لايىق تون، كىمسەندىن تىكىلگەن ئۆتۈك كىيدۈرۈپ، بېلىگە كۈمۈشتىن ھەل بېرىلگەن بەلۋاغ باغلاپ، يېنىغا شاپگىرلىق سەنئىتى ① نامايان قىلىنغان كۈمۈش خەنجەر

① شاپگىرلىق سەنئىتى ــ قىلىچ ۋە خەنجەرلەرنىڭ يۈزىنى سۈرتۈپ، ھەسەن ـ ھۈسەن كۆرۈنۈشىنى ھاسىل قىلىدىغان تۆمۈرچىلىك ماھارىتى.

ئېسىپ ، بېشىغا لايىقىدا دەستار كىيدۈرۈپ ، ناشتىلىق بەرگەندىن كېيىن ، مۇنداق دېگەن :
— ئوغلۇم ، سىز بىزنىڭ ئۈمىدىمىز ، ئىلىمنى مەكتەپتە ئۇستازىڭىزدىن ئۆگەنسىڭىزمۇ ، ئەمما ئەدەپ - ئەخلاقنى مەندىن ئۆگىنىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن . ھەرقاچان كۈن يورۇشتىن ئىلگىرى قوپماق ، خالىي جايغا بېرىپ يەڭگىللىمەك ؛ يۈز - كۆز ، ئېغىز - بۇرۇن ، قول - پۇت ، ئولتۇرىدىغان جايلارغا قەدەر پاكىز يۇماق ؛ ۋاقتىدا ئاز - ئازدىن تاماق يەپ ، مەكتەپكە يۈرۈشكە تەييار بولماق ؛ ئاتا - ئانا ، ئۇستاز ۋە چوڭلارنى كۆرگەندە : «ئەسسالامۇئەلەيكۇم » دەپ سالام بەرمەك ؛ ئاداشلار ۋە ساۋاقداشلارغا مېھرىبان بولۇپ ، ئۇلارغا « مەن شاھزادە تۇرسام » دەپ ئاتىنكارچىلىق قىلماسلىق ؛ چوڭلار گەپ قىلىشىۋاتقاندا شەككاكلىق قىلماسلىق ، كىشىلەرنىڭ نەرسىلىرىنى ئېلىۋالماسلىق ، يامان غەرەزلىك كىشىلەر بىر نەرسە بەرسە ئالماسلىق ، يامان ۋە بىھۇدە تىللارنى ئۆگەنمەسلىك قاتارلىقلار

ياخشى ئادەت ۋە ياخشى قىلىقلاردۇر . سىز بۇ دېگەنلىرىمنى قۇلىقىڭىزدا ئوبدان تۇتۇڭ .

مەھمۇدنىڭ بوينىغا دەسلىپىدە كالا تاغىقىدىن ياسالغان « تاختا » ، كېيىن «جىلىت » ، ئۇنىڭدىن كېيىن بەلۋاغقا تاقالغان «قەلەمدان» نى ئورۇنلاشتۇرۇپ ، ئۇنى ئالاھىدە تەيىنلەنگەن ئىككى ئاتلىق سىپاھقا تاپشۇرۇپ ، ھەر كۈنى مەكتەپكە ئەۋەتىپتۇ .

مەھمۇد ھەر كۈنى مەكتەپتىن قايتىپ ئۆيگە كەلگەندە ، ئانىسى بۇبى رابىيە ئۇنى ئىلىم ـ ھېكمەت ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلىپ ، بەت ئەخلاق ( يامان قىلىق ) لارنى قىلماسلىققا ۋە ئۇنىڭدىن ساقلىنىشقا ئادەتلەندۈرۈپتۇ . مەھمۇد ئۆزىمۇ تىرىشىپ ئانىسىدىن تاماقلارنىڭ تۈرلىرىدىن تارتىپ كىيىم ـ كېچەك ، ئۆي جاھاز ناملىرىغىچە ئۆگىنىپتۇ . ئوردىدىن ئالاھىدە تەيىنلەنگەن سىپاھلاردىن سۇلالىلەرنىڭ ئاتلىرى ، ياراغ ـ ئەسلىھە ناملىرى ، يەر ـ جاي ئىسىملىرى ، تاغ ـ دەريالارنىڭ قاپتال ،

چۈشۈرگىلىرىگە قەدەر بىرنىمۇ قالدۇرماي ئۆگەنگىلى كىرىشىپتۇ.

مەھمۇد يەتتە ياشقا كىرگەندە، ئاتا ـ ئانىسى 40 كىچە ـ كۈندۈز ئەلگە ئاش بېرىپ، پۈتكۈل يۇرتىنى، ھەممە ئايماق ۋە قەبىلىلەرنى قىچقىرىپ، «خەتنە توي» ئۆتكۈزۈپتۇ. تويدا تارتقاندىن تاشقىرى، ئەلگە ئۇغلاق تارتىشىش، قوچقار سوقۇشتۇرۇش تاماشاسى، دارۋاز ئويۇنى، سېھىرگەرلىك، توپۇق تۇتۇش... قاتارلىق بەزمە سورۇنلىرىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ.

# مەھمۇدنىڭ ئىجتىھات بىلەن ئوقۇشى

كىچىكىدىن باشلاپ ئۆزىنىڭ بىلىملىك ۋە زېرەكلىكى بىلەن تونۇلغان مەھمۇد ئوقۇشقا كىرىپ تۇنجى تاختا بىلەن ساۋاتىنى چىقىرىپ، « ا، ب، ت، س » دىن ئىبارەت ھەرپلەرنى ئوبدانلا ئۆگىنىپتۇ. ئۇ، ئۇستازىنىڭ قومۇش قەلىمى بىلەن قوي تېرىسىدە ئىشلەنگەن قەغەزگە يېزىپ بەرگەن دەرسلىكنى ئايان قىلىپ، تۆۋەندىكى نەزمىلەرنى يېزىپ تارقىتىپتۇ.

« تېرەكلەر تەڭگە بولۇپتۇ ـ نەۋ باھار،
بولدى ئالەمگە پەرەھلىك سەرھازار.

كىمكى ئەۋلادىنى مەكتەپكە بېرۇر ،
هۆر ـ غىلماندىن تاپار جەننەتتە يار » .

بۇ « نورۇزلۇق »نى بوۋىلىرى ئالدىغا كۆتۈرۈپ بارغاندا ، شاھى ئېھرام بۇغرا تۆگە ، سەيپىدىن ۋەلىيۇللا تۆت چىشلىق ئىرىك قوي ، ئەمىر سۇلتان ھۈسەيىن ئۆزى مىنگەن « ئارغىماقى بەدەخشان »لارنى خۇشاللىقىدىن تەقدىم قىلىشىپتۇ .

مەھمۇد ئىككىنچى يىلى « مەسھەف »نى ، ئۈچىنچى يىلى سان ـ ساناق ئىلمى ( ھېساب ) گە تەئەللۇق بىلىملەرنى ۋە « ھېسابى ئەبجەد »نى يادقا ئۆگىنىپتۇ . تېز كۈن ئىچىدە تىرىشىپ ، ھېسابى ئەبجەد يولى بىلەن جۈمىلىلەر تۈزەلەيدىغان بوپتۇ . ئىمام ئەلىنىڭ كەررە غەزەلىياتىنى يادلاپ ، ھېساب ئەمەللىرىنى بىلىشنى تولۇقلاپتۇ . ئىپتىدائىي مەكتەپتىلا ئۇ ، ئەرەب ھەرپى ئاساسىدىكى گۈزەل خەتنى يىلك ياغىچىدىن ئۇچلانغان قەلەم بىلەن بۇغا

مۇگگۇزىدىن قىلىنغان دۇۋەتتىكى زىغىر يېغى ئىسسىدىن چىقىرىلغان سىياھقا چىلاپ مەشىق يېزىشنى ئادەت قىلىپ، خەتتاتلىق ئاساسىنى يارىتىپتۇ. ئۇنىڭدىن سەل كېيىن «مەسھەپ شېرىپ»نى ياد قىلىشقا باشلاپ «قۇررا» بوپتۇ، چوڭ بولغانچە «مۇھەددىس» بولۇپ يېتىشىپتۇ.

سالاھىيەتلىك پەرزەنتىنىڭ ئىستىداتىغا قايىل بولغان ئاتىلار مەسلىھەتلىشىپ، ئۇنى دەسلەپتە «مەدرىسەئى ساچىيە» دە ئوقۇتۇپتۇ. كېيىنچە «مەدرىسەئى ھامىدىيە»نىڭ مۇدەررىسى ھۇسەيىن پەيزۇللادا ① دەرس تەلىم ئالدۇرۇپتۇ.

---

① مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئۇستازى ھۇسەيىن ئىبنى خەلەپ دېگىنى مۇشۇ زات بولسا كېرەك. بەزى ماتېرىياللاردا بۇ زاتنىڭ قەبرىگاھىنى قەشقەرنىڭ قازىرىق دېگەن يېرىدە دېسە، يەنە بەزى ماتېرىياللاردا قەشقەرنىڭ دۆلەتباغ يېزىسىدىكى «ھۇسەيىن پەيزۇللا غوجام مازىرى» دېيىلگەن.

# شاھى ئېھرامىنىڭ نەسھىتى

مەھمۇد كىچىك تۇرۇپلا خۇش چاقچاق، چەبدەس، چاقىقانلىقى، ئۆگىنىشتە ئەستايىدىل ۋە تىرىشچانلىقى، ئەستە ساقلاش قابىلىيىتىنىڭ ئۈستۈنلۈكى بىلەن ھەممىنى ھەيرەتتە قالدۇرۇپتۇ. شاھزادىلەر ئۆگىنىش زۆرۈر بولغان ھەربىي ئىلىملەردىن ئات چېپىش، تىغۋازلىق، نەيزىۋازلىق ۋە ئۇمۇتۋازلىق، ئوقيا ئېتىش قاتارلىق جەڭ ماھارەتلىرىنى؛ دىنىي ئىلىملەردىن ناماز سۈرىلىرى، ھەپتىيەك، قۇرئان كەرىم، ھەدىس، ئىلمى شەرئەتكىچە؛ دۇنياۋى ئىلىملەردىن ئىلمى ھېساب، ئىلمى ھەندىسە، ئىلمى ئەبجەد، ئىلمى تەجۋىت،

ئىلمى سەرپ، ئىلمى نەھۋى، ئىلمى مەنتىق، ئىلمى نۇجۇم، ئىلمى تىبابەت، ئىلمى تەرىقەت، جۇغراپىيە قاتارلىق زامان ئىلىملىرىدىن كامالى ماھارەتنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىگىلەپتۇ.

مەھمۇدنىڭ يېشى 30 غا يېقىنلاشقاندا، «مەدرىسەئى ھامىدىيە» دىكى ئۇستازى ھۆسەيىن ئىبنى خەلەپنىڭ دۇئاسىنى ئېلىپ، ئوپال «قىزىل مەسچىت» تىكى ئوردىسىغا قايتىپتۇ. شاھزادە مەھمۇدنىڭ مەدرىسەنى تۈگىتىپ كەلگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن شاھى ئېھرام نەچچە توققۇز مال سويۇپ توي ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ. ئەمىر سۇلتان ھۆسەيىن ئوغلىغا تون - سەرپاي يېپىپتۇ، بۆبى رابىيە بەخت تىلەپ پېشانىسىدىن سۆيۈپتۇ.

زىياپەت ئاخىرىدا، شاھى ئېھرام نەۋرىسى مەھمۇدنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ: «كۆپ ئۇستازلار ئۆز ئىلىملىرىنىڭ نۇرى بىلەن كۆزۈڭنىمۇ، كۆڭلۈڭنىمۇ مۇنەۋۋەر قىلدى. نۇرغۇن كىتاب ئوقۇپ، نۇرغۇن سېھىر - ھېكمەتلەرنى

بىلىشۋالدىڭ . لېكىن ، سەن تېخى ئۇقۇمىغان ، ئۇقۇمىساڭ بولمايدىغان شۇنداق بىر بۈيۈك كىتاب باركى ، ئۇ بىزنىڭ بىپايان زېمىنىمىز ۋە ئۇنىڭدا ياشاۋاتقان ئۇلۇغ خەلقىمىز ، بوۋىلىرىمىز 〈 ئۆزىنى بىلمىگەن ئۆزگىنى بىلمەس 〉 دېگەن ئىكەن . سەن ھەممە قەبىلە ، ئۇرۇق ـ ئايماقلىرىمىز ، تاغ ـ دەريا ، ئورمان ، يايلاق ، شەھەر ـ قىشلاقلىرىمىزنى ئارىلاپ چىقىپ ، ئۇلاردىن ئۆگەن ھەم چۈشەن » دەپتۇ .

ھەممىيلەن مەھمۇدنىڭ ئىلمىنىڭ راۋاج تېپىپ كامالەتكە يېتىشىنى تىلەپ دۇئاغا قول كۆتۈرۈپتۇ . « ئامىن ـ ئاللاھۇ ئەكبەر » دېگەن سادا پۈتكۈل ئوردىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپتۇ .

# مەھمۇدنىڭ ئەل كېزىشى

مەھمۇد بۇۋىسى شاھى ئىبراھىمنىڭ تەلپىنى قانات، دادىسى ئەمىر سۇلتان ھۈسەيىن بىلەن ئانىسى بۈبى رابىيەنىڭ تىلەكلىرىنى ئىرادە ۋە كۈچ قىلىپ، مۇق يولى (مورغ يولى — قۇش يولى) ئارقىلىق سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ئۇ، ئوغۇز، چىگىل - قارلۇق، ياغما، قىپچاق، باسمىل، ياباقۇ، توخسى، ئوغراق، چارۇق، چۈمۈل، قىرغىز قاتارلىق ئۇيغۇر - تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ تارىخى، سەرگۈزەشتىلىرى، تىلى، تامغا — ئۇرانلىرى، ئۆرپ - ئادەت، تۇرمۇش ئالاھىدىلىكلىرى، ئىسىملىرى، مۇراسىملىرى، ياشىغان زېمىن، تاغ - دەريا، كۆل - يايلاقلار،

جۇملىدىن ئۇلارنىڭ ئېتنىك، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي مۇناسىۋەتلىرى، ئىلمىي ۋە پەلسەپىۋى چۈشەنچىلىرى، ناخشا ـ قوشاق، داستان، ماقال ـ تەمسىللىرىنى ئىزدىنىپتۇ.

تەھسىلى ئىلىم كامالىتىگە ئېرىشكەن مەھمۇد 15 يىل ئىچىدە رۇم ئۆلكىسىدىن تارتىپ ماچىنغىچە ئۇزۇنلۇقى 31200 كىلومېتىر، كەڭلىكى 18750 كىلومېتىر كېلىدىغان تۈرك ئېلىنى كېزىپتۇ، تۈركىي خەلقلەر ياشاۋاتقان شەھەر ـ قىشلاق، ئەل ـ يۇرتنى تونۇپتۇ. ئالدىغا ئۇچرىغان ماتېرىيالنى توپلاپ، خاتىرىلەپتۇ، نەزەر دائىرىسى تېخىمۇ كېڭىيىپتۇ. ئۇ سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، خاقانىيە ئۆلكىسىدىن يەتتىسۇغا، يەتتىسۇدىن ماۋەرا ئۇننەھرگە ئۆتۈپتۇ. ئۇ ئاخىر جەمەتىنىڭ ئىخلاسمەنلىرى ۋە بوۋىسىنىڭ بىر نەۋرە تۇغقانلىرىغا سېغىنىپ باغدادقا كەپتۇ ①. مەھمۇد قەشقەرى

① بۇ ھەقتە ئىككى خىل قاراش بار. مەسىلەن، مەشھۇر تەتقىقاتچى پىرىتساكنىڭ تەتقىقاتىدا، 1057 ـ يىللىرى قاراخانىيلار ئوردىسىدا يۈز بەرگەن قىرغىنچىلىقتا مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئاتىسى ھۈسەيىن ئۆلتۈرۈلگەن. بەختكە يارىشا، ئامان قالغان مەھمۇد قەشقەرى سىياسىي سۇيىقەستتىن ئۆزىنى دالدىغا ئېلىش ئۈچۈن ئەل كېزىپ،

* باغدادقا كېلىپ، داۋاملىق ئوقۇپتۇ، كېيىن مۇدەررىس بولۇپ ئىستىبداتىنى جارى قىلدۇرۇپتۇ. ئۇ، مۇكەممەل چۈشەنچىلىرى ۋە چوڭقۇر ئىلمىي ئىقتىدارى بىلەن يۈكسەك ھۆرمەت - ئىناۋەتكە نائىل بوپتۇ.

---

* باغدادقا بېرىپ قالغان دېگەن پىكىر ئالغا سۈرۈلگەن. تۈركىيىلىك تەتقىقاتچى م. شاكىر ئۈلكۈ تاشىر باشقىچە قاراشتا بولۇپ، ئۇنىڭ پىكرىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق: سالجۇقىلەر خانلىقى (1040 — 1154) نىڭ پادىشاھى ئالىپ ئارسلان ( 1063 — 1072 - يىللىرى تەختكە ئولتۇرغان )نىڭ ئوغلى مەلىكشاھ (1072 — 1092 - يىللىرى تەختكە ئولتۇرغان) نىڭ ئايالى تۈركەن خاتۇن قاراخانىيلار سۇلالىسىدىكى تابغاچ بۇغرا قاراخان ئەبۇ ئەلى ئىبنى سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ قىزى. شۇ چاغدا تۈركەن خاتۇننى پاناھ تارتىپ تۇرغۇن ئىستىبداتلىق كىشىلەر ھەرقايسى جايلاردىن، ئەينى چاغدىكى مەرىپەت ئوچىقى بولغان باغدادقا توپلانغان. شۇ قاتاردا مەھمۇد قەشقەرىنىڭ باغدادقا كەلگەنلىكىنى تەخمىن قىلىش ئانچە ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

# مەھمۇد قەشقەرىنىڭ تەسنىپ قىلغان كىتابلىرى

مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار نەھۋىسىنىڭ جەۋھەرلىرى» ① ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق كىتابلارنى يازغان. ئۇ ئەرەبچە يېزىپ چىققان «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق كىتابىنى ئەرەب ئاbbاسىيلار خەلىپىلىكى (751 — 1258) نىڭ 27 - خەلىپىسى ئوبۇلقاسىم ئابدۇللا مۇقتەدى بىئەمرۇللا ( 1074 — 1075 - يىللىرى

---

① مەھمۇد قەشقەرى بۇ كىتابىنى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا تىلغا ئالغان، شۇڭا ئۇنى بالدۇر يازغانلىقى مەلۇم. لېكىن، بۇ كىتاب ھازىرغىچە تېپىلمىدى.

تەختكە ئولتۇرغان ) غا ئارمىغان ( تەقدىم )
قىلغان ①. بۇ چاغدا تۈرك تىلىنى ئۆگىنىش ئومۇمىي
ئىجتىمائىي ئېھتىياج ئىكەن. باغداد جەمئىيىتىدە
تۈرك تىلىنى بىلگەنلەرنىڭ مەسىلىسى ھەل،
توققۇزى تەل، ئىناۋىتى يۇقىرى، بوغۇزغا لىق
ئوقىرى ئىكەن. ئەرز ـ دادىنى ئېيتىش ئۈچۈن
باغدادقا كەلگەنلەر، ئەمەل تەمەسىدىكى ئەرەب
زىيالىيلىرى، مەنسەپ دەرىجىلىرىنى ئۆستۈرۈش
يولىدا قولتۇقىغا شوتا قىستۇرۇپ يۈرىدىغانلارنىڭ
ھەممىسى تۈركلەرگە خۇشامەت ۋە تەۋەززۇ
قىلىشىدىكەن. مۇشۇ ئەمەلىيەتكە ئاساسەن مەھمۇد
قەشقەرى ئەرەبلەرنىڭ تۈرك تىلىنى ئۆگىنىشى ۋە
تۈركلەرنى چۈشىنىشىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن، ئۆز

---

① سالجۇقىيلار پادىشاھى توغرۇلبەگ 1055 ـ يىلى باغدادقا بېسىپ كىرىپ، ئەرەب ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنى ئۆز ھامىيلىقىغا ئالغان. شۇنىڭدىن باشلاپ خەلىپىلىكنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقى سالجۇقىي ئوغۇزلىرىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ، خەلىپە دىنىي جەھەتتىكى ئورۇنىدىلا ساقلاپ قالغان. 27 ـ خەلىپە جالالىدىن سالجۇقىينىڭ كۈچ چىقىرىشى بىلەن تەختكە ئولتۇرغانلىقتىن، خەلىپىلىك تەۋەسىدىكى ئەرەبلەر تۈرك تىلى ئۆگىنىشكە مەجبۇر بولغان.

ۋەتىنىنگە، خەلقىگە بولغان سىغىنىشى ۋە ھۆرمەت ـ ئىپتىخارىنى ئىپادىلەپ بۇ كىتابنى يازغان. ئۇزۇن ۋە مۇشەققەتلىك سەپەر، سەرسانچىلىقتا ئىگىلىگەن مەلۇمات ۋە ماتېرىياللار بۇ كىتاب ئۈچۈن مۇھىم مەنبە بولغان. مەھمۇد قەشقەرى ئۆز كىتابىدا: «ئۆز دەردىنى ئېيتىش ۋە تۈركلەرگە يېقىش ئۈچۈن، ئۇلارغا تۈركىي تىلدا سۆزلىشىشتىن ياخشىراق يول يوق» ①دېگەندىن باشقا، «تۈركىي تىلىنىڭ ئەرەب تىلى بىلەن بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتقا ئوخشاش تەڭ چېپىپ كېتىۋاتقانلىقى» ② نى يازغان. چۈنكى، ئەرەبلەر ئىچىدىكى قىسمەن ھاكاۋۇر شەخسلەر تۈركلەرنى «ئەجەمى» (كېكەچلەر) دەپ كەمسىتىدىغان ئەھۋاللار بولغان. مەھمۇد قەشقەرى يەنە:

---

①، ②ــــ «تۈركىي تىللار دىۋانى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 ـ يىل نەشرى I توم 2 ـ، 5 ـ بەتلەر.

«ئەبەدىي يادىكارلىق ۋە پۈتمەس ـ تۈگىمەس بىر بايلىق بولۇپ قالسۇن دەپ، ئۇلۇغ تەڭرىگە سىغىنىپ، بۇ كىتابنى تۈزۈپ چىقتىم ۋە ئۇنىڭغا 〈 دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك 〉 (تۈركىي تىللار دىۋانى) دەپ ئات قويدۇم» ① دېگەن.

بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، تابغاچ بۇغرا قاراخان ــ ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئىبنى سۇلايمان ئارسلانخان ئەرەب ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ يېڭى خەلىپىسى مۇقتەدى بىئەمرۇللانىڭ تەختكە ئولتۇرغانلىقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن باغدادقا ئەۋەتكەن ۋەكىللەر ئۆمىكى تەركىبىدە مەھمۇد قەشقەرىمۇ خەلىپە ھۇزۇرىغا كىرىپ، «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى يېڭى خەلىپىگە تەقدىم قىلغان ئىكەن.

---

① «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 ـ يىل نەشرى I توم 3 ـ بەت.

# ئانا ۋەتەن تەشنالىقى

مەھمۇد قەشقەرى يازغان « تۈركىي تىللار دىۋانى » دېگەن كىتاب خەلىپىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئوردا دىۋانخانىسىدا بىرنەچچە نۇسخا كۆپەيتىلىپ تارقىلىپتۇ . شۇنىڭ بىلەن مەھمۇد قەشقەرىنىڭ نام ـ شۆھرىتى دۇنياغا پۇر كېتىپتۇ . لېكىن ، نام ـ شۆھرەت ، شاھانە ئىززەت ـ ئىكراملار باغدادتا مۇساپىر چىلىق بىلەن ياشاۋاتقان ئالىمنىڭ قەلبىنى ئىگىلىگەن ئانىسى بۇبى رابىيە ۋە تۇغۇلغان ۋەتىنىگە بولغان چوڭقۇر سېغىنىشىنى بەزلىيەلمەپتۇ . بۇ كۈنلەردىكى مەھمۇدنىڭ پۈتكۈل ئەس ـ يادى ئانا يادى بىلەن ، ۋەتەن يادى بىلەن بەند بوپتۇ . يېشى

ئۇلغايغانسېرى ئۆزى تونۇلغان « دېھقاننىڭ ياخشىسى چامغۇر تېرىيدۇ ، ئادەمنىڭ ياخشىسى ئۆز يۇرتىدا قېرىيدۇ » دېگەن خەلق ماقالى يادىدىن كەتمەي ، ئۆز يۇرتىنى كۆرۈش ئارزۇسىنىڭ ئوتى بولۇپ تۇتىشىپتۇ . يۇرتىنىڭ ئاپئاق چامغۇرى ، ئاقار دەريالىرى ، تۇتىيا تۇپرىقى كۆز ئالدىدىن نۇر پەردە بولۇپ تىزىلىپ ئۆتۈپتۇ .

دەل شۇ چاغلاردا مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى ئېلىش ئۈچۈن «كارۋان بۇيۇك » يولى بىلەن سەپەرگە چىققان قورۇل ـ شائاشۇقلۇق كارۋان بېشى مالىك ۋە ئەسقەر ئىسىملىك ئىككى كىشى باغداد شەھىرىگە كەپتۇ . ئۇلار ئۆزىنىڭ ئۇستازى ۋە شاھزادىسى بولغان مەھمۇد ئىبنى ھۈسەيىننى ئىزدەپ تېپىپ ، زىيارەت قىلىپ ، سوغرە خىزمەتنى ئۈچۈن ئارزۇ ـ مەتلۇپلىرىنى سورىغاندا ، ئالىم ئاخىرقى ئۆمرىدە ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېتىش ئارزۇسىدا ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ .

كارۋان بېشى ئانا ۋەتەندىن بىر پارچە نامە

ئېلىپ كەلگەن ئىكەن. بۇ نامە ئوردا ۋەزىرى تەرىپىدىن يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا، ھازىر ۋەتەندە ئەمىنلىك ۋە ئىلىم راۋاجى روياپقا چىققانلىقى، ۋەتىنىڭ ئىلىم ۋە ئالىملارغا موھتاجلىقى، ۋەتەن مەھمۇد قەشقەرىنىڭ دۇنياۋى شۆھرىتىدىن مەمنۇنلۇقى، ئىلىم بىلەن ئەلگە بەخت يارىتىشتا ھەمدەم بولۇشنى خالايدىغانلىقى، ۋەتەنگە قايتىپ كېلىشىنى ئېھتىرام بىلەن كۈتىدىغانلىقى بايان قىلىنغان ئىكەن.

كارۋان بېشى بۇبى رابىيە خېنىكەمنىڭ پەرزەنت داغى بىلەن باغرىنى داغلاپ، ۋەسلى دىدارى ئۈچۈن سەكپارە بولۇۋاتقانلىق خەۋىرىنى ئېلىپ كەپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئانا ۋە ئانا ۋەتەن سېغىنىش تەشنالىقى ئوت بولۇپ يانغان مەھمۇد قەشقەرى باغداد خەلىپىسىدىن رۇخسەت ئېلىپ ۋەتەنگە قايتماقچى بوپتۇ.

# ئانا سېغىنىشى

مەھمۇد قەشقەرى ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن ، بوۋىسى شاھى ئېھرامنىڭ كىچىك خانىشى ئۆز ئوغلى ئىبراھىمنى تەختكە ۋارىس قىلىش ئۈچۈن ، شاھى ئېھرام ۋە ئۇنىڭ چوڭ خانىشىدىن بولغان بالىلىرىغا زەھەر بېرىپ ئۆلتۈرگەن ، شۇ قاتاردا مەھمۇد قەشقەرىنىڭ دادىسى ھۈسەيىنمۇ زەھەرلىنىپ ئۆلگەن .

ئوردىدا قىرغىنچىلىق يۈز بەرگەندىن كېيىن ، تۇل قالغان بۈبى رابىيە ئوغلىنى ئۇزاق يىللارغىچە كۈتۈپتۇ . ئۇنىڭ سېغىنىش ئوت ـ پىراقىدا كۆيگەن بۈبى رابىيە ئاخىر : « قېرىغىنىمدا بولسىمۇ ، كۆز نۇرۇم بالامنى ئىزدەپ تاپاي ، ئۇنىڭ دىدارىنى

كۆرۈپ ئۆلـەي ، ئاھ بـالام نـەدىـسـەن ؟ » دەپ
ئوغـلـىنىڭ كېلەر يولىغا قاراپ پەرزەنت يادى بىلەن
كـۆن - تـۈن يىـغلاپ ، پـەرزەنـت دەردى بىـلـەن
كۆڭلىنى تىغلاپ ، پەرزەنت ئىستىكىدە بېلىنى باغلاپ
كـۆك ئارت ، ئۇلـۇغ ئارت ، ئوپـال ئارت ، مـۇق يـولى
تـەرەپـنـى قىـبـلـە قىـلـىپ ، مەغرىب تامان ئىزدەپ
مېڭىپتۇ . ئۇنىڭ پۇت - قولى ، بەدەنلىرى يېرىلىپتۇ ،
ئۆرە يۇرەلـمەي قـەدەمـدىـن قـالـغـانـدا ، ئۆمىلەپ ،
يۇمىلىنىپ مېڭىپتۇ ، تىزلىرى يېغىر بوپتۇ . لېكىن ،
بـىچـارە بـۇبـى رابـىـيەگە ئوغلىنى كۆرۈش نېسىپ
بولماپتۇ . ئۇ ، مۇق يولىدا « بالام » دەپ كېتىۋېتىپ ،
« يـىـكـچـى مـەھەللىسى » گە بارغاندا ، يول ئۈستىدە
جان ئۈزۈپتۇ ۋە شۇ يەرگە دەپنە قىلىنىپتۇ ① .

① بۇبى رابىيە خېنىمكەمىنىڭ مازىرى هازىر ئوپالنىڭ پامىرغا ماڭىدىغان چوڭ يول بويىدىكى « يىكچى مەھەللىسى » دە . ھەر يىلى تۈنەك ، ئايەم مەزگىللىرىدە شۇ يەرلىك ئاياللار بۇ مازارغا كېلىپ ، خاتىرىلەپ كەلمەكتە .

# ۋەتەن ۋىسالى

بىر مەزگىلدىن كېيىن باغدادتىكى ئىشلىرىنى تۈگەتكەن مەھمۇد قەشقەرى سودىسىنى پۈتكۈزگەن كارۋانلار بىلەن بىرلىكتە ۋەتەنگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. كارۋان بېشى ئۇنى ئىززەتلەپ، ئەڭ كۆچتۈڭگۈر نار تۆگىنىڭ چومى ئۈستىگە سايىۋەنلىك كۆشۈگە ( كارىۋات ئۆي ) ياساپ ئولتۇرغۇزۇپتۇ. يول - يوللاردىكى خەتەرلىك داۋان - ئۆتكەل ۋە تار - قىستاڭ يوللاردا ئۇنى يۆدۈپ ئۆتكۈزۈپتۇ. كارۋان ھىرات، كۆك ئارت، ئۇلۇغ ئارت، مۇق يولى، ئوپال ئارت بىلەن ئۈچ ئاي چامىسى يول يۈرۈپتۇ. كارۋان دەبىتتىن ① ئۆتۈپ، گەز دەرياسىنى بويلاپ، 40 كېچىكتىن ئۆتۈپ،

① دەبىت — بۇ 10 تۈپ سۆگەت بار مۇھىم بەندەنگان.

ئۇلۇغ ئارت داۋىنىغا كەلگەندە، ئۇنى داۋاندىن يۈدۈپ ئۆتكۈزۈپتۇ ①. نىھايەت مەھمۇد قەشقەرى كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا ۋەتىنىگە ساق ـ سالامەت قايتىپ كەپتۇ ②.

«كارۋان بۈيۈك» يولىدىكى كۆۋرۈك بېشى دېگەن يەرگە كەلگەندە، مەھمۇد قەشقەرى ھايات بۇۋى رابىيەنى ئەمەس، پەرزەنت پىراقىدا تولا يىغلاپ كۆز يېشى قۇرۇغان، ھىجران ئوتىدا كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغان مېھرىبان، غەمگۇزار ئانىسى بۇۋى رابىيەنىڭ قەبرىسىنى كۆرۈپ، قەبرىگە ئۆزىنى ئېتىپ، ئانا قەبرىسىنى پەرزەنتلىك سېغىنىش يېشى بىلەن يۇيۇپتۇ، نەزىر ـ چىراغىنى ئۆتكۈزۈپ تۇپرىقىنى قاتۇرۇپتۇ.

① ھازىرقى ئوپالنىڭ شائاشۇق قورۇل مەھەللىسىدە، ئەينى زاماندا قاراۋۇل بولۇپ ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ ئەۋلادى بار، بۇ مەھەللىدىكىلەر ھازىرمۇ قورۇل لەقىمى بىلەن ئاتىلىدۇ. 1960 ـ يىللاردا 90 يېشىدا ۋاپات بولغان ئىسمائىل قورۇل دېگەن كىشى: «ھەزرىتى موللام دەبتتىن قايتىپ ئۇلۇغ ئارتقا كەلگەندە، بىزنىڭ ئەجدادىمىز داۋاندىن يۈدۈپ ئۆتكۈزۈپ، ئوپالغا ئېلىپ كەلگەن. بىزنىڭ ئەۋلادىمىز ھەزرىتى موللامنىڭ دۇئاسىغا يولۇققان» دېگەن.

② كېيىنكى تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، مەھمۇد قەشقەرى مىلادىيە 1080 ـ 1081 ـ يىللىرى باغدادتىن قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن.

# « مەدرىسەئى مەھمۇدىيە » ۋە « نورۇز بۇلاق »

بۇبى رابىيە خېنىكەمنىڭ ئۆلۈم نەزىرىسىگە قەدەم تەشرىپ قىلغان تاجدارلار ۋە ئوردا ئەربابلىرى مەھمۇد قەشقەرىنى ئوردىغا تەكلىپ قىپتۇ . ئوردا ۋەزىرى شەخسەن ئۆزى زىياپەت تەييارلاپ مەھمۇد قەشقەرىنى زور داغدۇغا بىلەن كۈتۈۋاپتۇ . زىياپەت ئەھلىنىڭ كۆزلىرىدە شادلىق نۇرى جەۋلان قىپتۇ ، ھەتتا نۇرغۇن بىلىم ئەھلىلىرىنىڭ كۆزلىرىدىن خۇشاللىق ئۇنچىلىرى تۆكۈلۈپتۇ .

ئوردا ۋەزىرى ئىلىم بىلەن ئەلنى روناق تاپتۇرۇش ، ئىلىم بىلەن ئەلگە بەخت يارىتىشتا ھەمجەھەت ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ،

مەھمۇد قەشقەرىنى ئوردا خىزمىتىگە سەيئى قىپتۇ . لېكىن ، مەھمۇد قەشقەرى چوڭقۇر تەشەككۇر بىلەن ئۆزرە بايان قىلىپ ، قالغان ئۆمرىنى ئىلىم يارىتىش ۋە ئىلىم تارىتىش ئىشىغا بېغىشلايدىغانلىقىنى ئىزھار قىپتۇ .

مەھمۇد قەشقەرى ئۆز ئەقىدىسىگە مۇۋاپىق ئوپالدا بىر ھەيۋەتلىك مەدرىسە بىنا قىلىپ ، مەدرىسەنىڭ مېھرابىغا « ئايىغۇچى ۋە كۆيۈنگۈچى ئاللانىڭ ئىتى بىلەن باشلايمەن ، پەقەت ئاللالا ياردەم بېرەلەيدۇ » دېگەن خەتنى پۈتتۈپتۇ . ئۇ ئۆزى مۇدەررىس بولغان بۇ مەدرىسە « مەدرىسەئى مەھمۇدىيە » دەپ ئاتىلىپ ، شان - شۆھرىتى مەشرىقتىن مەغرىبكىچە پۇركېتىپتۇ . تەرەپ - تەرەپتىن ، ھەتتا ئەرەب ، ئەجەم ئەللىرىدىنمۇ نۇرغۇن تالىپلار كېلىپ ئوقۇپتۇ . تالىپلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئۇستازى مەھمۇد قەشقەرىنى ھۆرمەتلەپ « ھەزرىتى موللام » دەپ ئاتايدىغان بوپتۇ .

مەدرىسە ئالدىدا زۇمرەتتەك سۈزۈك سۇ ئۇقچۇپ چىقىپ تۇرىدىغان بىر بۇلاق بولۇپ، ياز كۈنلىرى ھەممە تالىپلار بۇلاق بېشىدا ئارام ئالغاچ پەر بېيىت ئېيتىشىش، نەزم پۈتۈش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولىدىكەن. ھەر يىلى نورۇز مۇراسىمىدا مەھمۇد قەشقەرى ئۆز تالىپلىرى بىلەن «سۆسەر ئاغزى »دىكى بۇلاق بويىغا كېلىپ، سەيلە قىلىدىكەن. نورۇزنامىلەرنى پۈتۈشۈپ، ئەلگە ۋە ئىلمگە راۋاج، پاراۋانلىق تىلىشىپ بۇلاققا تاشلىشار ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇلاقنىڭ نامىمۇ «نورۇز بۇلاق» دەپ ئاتىلىدىغان بوپتۇ.

## «ئىمام مالىك ئەجدەر»

مەھمۇد قەشقەرى يېنىپ كەلگەندىن كېيىن، «مارجان بۇلاق» بېشىدىكى «مەدرىسەئى مەھمۇدىيە»دە دەرس ئۆتۈپتۇ. چەت ئەلدىن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بىللە كەلگەن ئاكا ـ ئۇكا ئىككى شاگىرت بولۇپ، بىرسى ئىمام مالىك ئەجدەر، بىرسى ئىمام مالىك ئەسقەر ئىكەن. ئىمام مالىك ئەجدەرنىڭ ئەسلى ئىسمى ــ ئىمام مالىك ئەكبەر ئىكەن.

بىر كۈنى كېچىسى بۇ ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن سىرتقا چىقىپ كېلىۋاتسا، بىر دېھقان يىگىت يېرىم كېچىدە يېرىگە قوش ھەيدەۋاتقان، يىگىتنىڭ ئانىسى ئارقىسىدىن يىغلاپ، چىراغ تۇتۇپ ئەگىشىپ

يۇرگەن ئىكەن. بۇنى كۆرگەن ئىمام مالىك ئەكبەر: «نېمىشقا يىغلايسىز؟» دەپ سورىسا، ئەھۋال مۇنداق ئىكەن: شۇ ئەتراپتىكى تاغ ئۆڭكۈرىدە بىر ئەجدىھا بولۇپ، ھەر يىلى دېھقانلارنىڭ بىردىن بالىسىنى يەيدىكەن، بولمىسا، خەلققە بالايىئاپەت ياغدۇرىدىكەن. شۇ كۈنىنىڭ ئەتىسى ئۇ يىگىتنى يېيىش نۆۋىتى كېلىپ قاپتۇ. شۇڭا، يىگىت ئۆلۈش ئالدىدا ئانىسىغا يەرنى تېرىپ بېرىپ كېتىش ئۈچۈن كېچىلەپ قوش ھەيدەۋاتقان، ئانىسى بولسا بالىسىغا چىدىماي، ئارقىسىدىن ئەگىشىپ يىغلاۋاتقان ئىكەن.

ئىمام مالىك ئەكبەر ئەجدىھانى ئۆلتۈرۈشكە نىيەت قىپتۇ ۋە ئۇستازىدىن ئىجازەت سوراپتۇ. مەھمۇد قەشقەرى ئىمام مالىك ئەكبەرنىڭ بارماسلىقىنى، ئەجدىھانى ئۆلتۈرۈشكە ئۆزى بېرىشنى قارار قىلىپ، ئىككى قىلىچنى ئېلىپ چىقىپتۇ. ئىمام مالىك ئەكبەر ئۇستازىنىڭ پۇتىغا ئېسىلىپ: «مەن باراي» دەپ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋاپتۇ. مەھمۇد قەشقەرى

نائىلاج ئىمام مالىك ئەكبەرگە ئەجدىھانى ئۆلتۈرۈشكە ئىجازەت بېرىپتۇ. ئىمام مالىك ئەكبەر كۆك ئىنەكنىڭ سۈتىنى ئىچۈۋېلىپ، بېلىگە ئىككى قىلىچنى ئىككى يانغا كېرىپ چىڭ تېڭىپ، ئەجدىھانىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. ئەجدىھا دەم تارتىش بىلەنلا ئىمام مالىك ئەكبەر ئۇنىڭ ئاغزىدىن كىرىپ، ئەجدىھانى ئىككىگە بۆلۈپ تاشلاپتۇ. لېكىن، ئۇ ئىچكەن سۈتكە سۇ ئارىلاشقان بولغاچقا، زەھەر قايتىماي، ئۆلۈپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەھمۇد قەشقەرى بۇ پىداكار شاگىرتىغا «ئىمام مالىك ئەجدەر» دەپ نام بېرىپتۇ ۋە ئۇلۇغلاپ ئۇزىتىپتۇ.

---

① بۇ مازارنىڭ ئورنى هازىر ئوپالنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدە بولۇپ، «ئىمام ئەلىرىم» دەپ ئاتىلىدۇ.

## مەھمۇد قەشقەرى بىلەن ئىخلاسمەن ئەما

مەھمۇد قەشقەرى «مەدرىسەئى مەھمۇدىيە» دە مۇدەررىسلىك قىلىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇنىڭ ئىخلاسمەنلىرىدىن بىرى: «مەن دەرگاھى ھەقتىن دائىما ناھايىتى كاتتا نەرسىلەرنى سورايمەن. ۋەدە بېرىمەنكى، سىزنىڭ ئۇلۇغ ۋە كەرەملىك دەرگاھىڭىزدىن ناپىسەنت نەرسە سورىغۇچىلارنىڭ كۆزى كور بولسۇن» دەپتۇ.

مەھمۇد قەشقەرى ئۇنىڭدىن:

— سىزنىڭ سورايدىغان كاتتا نەرسەڭىز نېمە؟ — دەپ سورىغان ئىكەن، ئۇ: «جانابلىرىڭىزنىڭ ئالدىدا تۇرغان مۇشۇ تاغنى قىپقىزىل ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇپ بەرسە دېگەن ئىلتىجا ئىدى»

دەپتۇ .

ئارىدىن 2 ــ 3 يىل ئۆتۈپ ، ھېلىقى ئىخلاسمەن بىر چاكىرىغا ئۆزىنى يېتىلەتكىنچە مەدرىسەگە كىرىپ ، سالامدىن كېيىنلا كور بولۇپ قالغانلىقىدىن زارلاشقا باشلاپتۇ . مەھمۇد قەشقەرى ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ :

ــ تەڭرى بىزگە يەتتە ئەزادىن ئىبارەت تۆگمەس بايلىقنى ئېھسان قىلدى . ئۇنى چۈشىنىپ يېتىشكە بىزنىڭ ئەقلىمىز كوتالىق قىلىدۇ . چۈنكى ، بىزگە بېرىلگەن بۇ بايلىقنى جايىدا ئىشلىتەلىسەك ، دۇنيادىكى ھەممە تاغلارنىڭ ئالتۇن بولغىنىدىنمۇ ئارتۇق بايلىق بولار ئىدى . سەن دېگەن مۇشۇ تاغنىڭ ئارزۇ قىلغىنىڭدەك ئالتۇن بولغىنىدىن كۆرە كۆزۈڭنىڭ ئەما بولمىغىنى خوپراق ئىدى ، ــ دەپتۇ .

ــ مەن تەڭرىمگە تائەت ـ ئىبادەت قىلىپ ئۇنىڭدىن نېمەت سورىسام ، ئۇ مېنىڭ كۆزۈمدىن كىچىككىنە نۇرنىمۇ ئېلىۋېلىپ ئەما قىلىپ قويامدۇ ، بۇ قانداق ئادالەت ؟ ــ دەپتۇ ھېلىقى ئىخلاسمەن .

— ئۇنـــداق دېـــمە، — دەپـتۇ مـەھمۇد قـەشقـەرى، — تـەڭـرىـم سـىـنـىـڭ دۇئالىرىڭنىڭ ھەمـمـىـسنى ئىجابەت قىلىپ ئادالىتىنى زاھىر قىپتۇ. تـاغـنـى ئالـتۇن قـىـلىپ بېرىشنى تىلىگەن ئىدىڭ، ئۇنـــىڭـدىـن كـاتـتـىـراق بـايـلـىـق بـولـغـان تـەن سـەھەتـلـىـكـىـڭـنـى بېرىـپ ساڭا مەرھەمەت ئېھسان قـىلدى. سەن ئۇنى توغرا ئىشلىتىپ شۈكۈرلەر بەجا كـەلـتـۈرمـەي خەسىس دۇنيا ئارزۇسىدا بولغانسەن. سـەن ئۆز تـەلـىپىڭدە «ئاز نەرسە سورىغۇچىلارنىڭ كـۆزى كـور بـولـسـۇن» دېـگـەن ئىـدىـڭ. بۇ دۇئا تـەلـىـپـىـڭـمۇ ئىـجابەت بوپتۇ. چۈنكى، دەرگاھى ھەقـنـىـڭ ئالـدىـدا تـاغلارنـى ئالتۇن قىلـماقـتىـنـمۇ ئاددىـــي ۋە ئاز نـەرسـە بـولـمـايـدۇ. ئەگـەر سـەن مـەنـدىـن: «تـەڭـرىـگە دۇئا قىلىشىڭدىكى تەلەپ ـ مەقسىتىڭ نېمە؟ دەپ سورىساڭ ئىدىڭ. مەن ساڭا: «تـەڭـرىـگـە قـىـلىدىغان ئەڭ ئالىي تىلەك — تەن سـەھەتـلـىـك، خـاتـىـرجـەملىك، ئەقىل ۋە ئىلىمگە كامالەت بەرگىن» دېگەندىن ئىبارەت دەپ مەسلىھەت بەرگەن بولار ئىدىم، — دەپتۇ.

## مىڭ بىر توپ ئۆجمە

قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە قەشقەرلىك بىر سودىگەر تىجارەت بىلەن كۇچاغا بېرىپ قاپتۇ. سارايۋەن «بىرەر ئايلىق بولسىمۇ ئۆيلىنىپ ئالسىلا» دەپ بىر ئايالنى سەيئى قىلىپ ئۆيلەپ قويۇپتۇ. بىرەر ئايدىن كېيىن سودىگەر ئايالىنىڭ خېتىنى بېرىپ، تىجارەت بىلەن ئىلىغا چىقىپ كېتىپتۇ.

ئارىدىن 15 ـــ 20 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ھېلىقى سودىگەر يەنە كۇچاغا كېلىپ، ھەمسەپەرلىرىنىڭ دەۋىتى بىلەن بىر چوكانغا ئۆيلىنىپتۇ. نىكاھتىن كېيىن، سودىگەر: «خېنىم، ئاتا ـ ئانىلىرى بارمۇ؟» دەپ سوراپتۇ. ئۇ چوكان:

« دادامنى بىلمەيمەن ، ئانامنىڭ دەپ بېرىشىچە ، مېنىڭ دادام قەشقەرلىك پالانچى دېگەن سودىگەر ئىكەن . ئۇ ، ئانامنىڭ خېتىنى بېرىپ ئىلىغا چىقىپ كېتىپتۇ . ئانام پۇستانچى مۇشۇ كوچانىڭ شەھەر ئىچىدىن . ئانامنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىگە ئىككى يىل بولدى. ماڭا تاغام ئاتىدارچىلىق قىلىدۇ » دەپتۇ .

ئۆز قىزىغا ئۆيلىنىپ قالغانلىقىنى بىلگەن سودىگەرنى قارا تەر بېسىپتۇ ـ دە : « تالاغا چىقىپ كىرەي » دېگەن باھانە بىلەن ئۆيدىن چىققانچە قەشقەرگە قايتىپ كەپتۇ . ئۇ ، ئۆتكۈزگەن بۇ گۇناھىنى يۇيۇش ئۈچۈن ھېچقانداق چارە تاپالماپتۇ . شۇ چاغدا ئۇ پالدىكى « مەدرىسەئى مەھمۇدىيە »دە مۇدەررىسلىك قىلىدىغان ، كۆپنى كۆرگەن ، كۆپنى بىلىدىغان ، ھەرقانداق مەسىلىگە جاۋاب بېرەلەيدىغان ، قولىدىن كېلىدىغان ياخشىلىقنى ھېچ كىشىدىن ئايىمايدىغان ئىلىم تەلەپكارلىرىنىڭ پىرى ھەزرىتى موللام ـــ ئەللامە مەھمۇد قەشقەرى ئىسىملىك ، ئالىي مەلۇماتلىق بىر

ئۇلۇغ ئۆلىمانىڭ بارلىقنى ئاڭلىغان سودىگەر مەسلىھەت سوراش ئۈچۈن ئۇپالغا بېرىپتۇ. ئۇ، مەھمۇد قەشقەرىگە بېشىدىن كەچۈرگەن سەرگۈزەشتىسىنى ئېيتىپ، قانداق قىلسا بۇ گۇناھى كەبىرنىڭ يۈيۈلۈشى توغرىسىدا مەسلىھەت سوراپتۇ.

— بىئەدەت گۇناھ بوپتۇ. بۇنىڭ بىردىنبىر باباراق يولى شۇكى، خۇدا يولىدا مىڭ بىر تۈپ ئۈجمە تىكىپ مېۋىگە كىرگۈزۈڭ. ئۈجمە تولۇق تۇتۇپ مېۋىگە كىرىپ، جان ـ جانىۋار، ئادەمزات يەپ، يەرگە قانچىكى كۆپ تۆكۈلسە، سىزنىڭ گۇناھىڭىز شۇنچە تۆكۈلىدۇ، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ مەھمۇد قەشقەرى.

ھېلىقى سودىگەر دەرھال تۇتۇش قىلىپ، كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقىغا مىڭ بىر تۈپ ئۈجمە كۆچىتى ئەھيا قىپتۇ.

ئۇپال يېزىسىنىڭ «موللام بېغى» كەنتىدىكى مەھمۇد قەشقەرى قەبرىگاھى جايلاشقان تۆپىلىككە بارىدىغان كوچىنى ھازىر كىشىلەر

« ئۇجـمـىلىك كوچا » دەپ ئاتىشىدۇ . بۇ كوچىنىڭ ئىـكـكـى قـاسىنقىدىكى 17 تۇپ قېرى ئۇجمە دەرىخى ئەنـە شـۇ مـىـڭ بـىـر تـۇپ ئۇجمىدىن قېپقالغانلىرى بولۇپ ، هازىرغىچە مۇهاپىزەت قىلىنىپ ساقلانماقتا .

## « هاي ـ هاي تېرەك »

مەھمۇد قەشقەرى ئەينى چاغدا مەدرىسەنى پۈتكۈزۈپ ئۇستازىدىن دۇئا ئالغاندا : « ئۇستازىم ، مېنىڭ تۇپرىقىم قەيەردە بولار ؟ » دەپ سوراپتىكەن ، ئۇستازى : « بىر ئۆمۈر ساڭا ھەمراھ بولغان ھاساڭ كۆكلىگەن جايدا بولۇر » دەپتىكەن .

مەھمۇد قەشقەرىنىڭ يېشى ئۇلغايغانسېرى سالامەتلىكى ياخشى بولماي قاپتۇ . كۈنلەردىن بىر كۈنى مەھمۇد قەشقەرى ھاسىسىغا تايىنىپ تۇرۇپ تەرەت ئۈچۈن «مارجان بۇلاق »تىن سۇ ئالغان ئىكەن ، ھاسىسى بۇلاق بويىغا سانجىلىپ قاپتۇ . ھاسىنى سانجىلىپ قالغان يەردە قويۇپ ، ئۆرنىنى

ئېلىپ تەرەت ئاپتۇ. ئۇ تەرەتنى ئېلىپ بولۇپ، ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ قارىسا هاسا كۆكلەپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن مەھمۇد قەشقەرى: «هاي - هاي، ئەجەب كۆكلەپ كېتىپسەنغۇ» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كېيىنكىلەر هاسىدىن كۆكلەپ چىققان بۇ تېرەكنى «هاي - هاي تېرەك» دەيدىغان بوپتۇ.

مەھمۇد قەشقەرى ئۆزىنىڭ ئىخلاسمەنلىرى ۋە تالىپلىرى، ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - يار، ئەقرىبالىرىغا ئۆزى ئالەمدىن ئۆتكەندە، «هاي - هاي تېرەك»نىڭ چوڭ شېخى كۆرسىتىپ تۇرغان دۆڭگە دەپنە قىلىشنى ۋەسىيەت قىپتۇ. بۇ تېرەك هازىرمۇ «مارجان بۇلاق» بېشىدا كۆكلەپ تۇرماقتا.

# مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ۋەسىيتى

مەھمۇد قەشقەرى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئۆز قەلىمى بىلەن يازغان تۆلىيەگە مۇنداق ۋەسىيەت قالدۇرغان ئىكەن: « ھەزرىتى موللام مۇلەققەب (لەقەم) ئىسمى ــ مەۋلانا شەمسىددىن ئەللامە مەھمۇدىيە دۇرمەنكى، × پاتمانلىق يېرىمنى ۋەخپە قىلدىم. مەندىن كېيىن، مېنىڭ ئەۋلادىمدىن كىم شەيخ، مۇتىۋەللى بولسا، مەزكۇر زېمىننى تېرىپ ساتمىغان، مۈلۈك قىلىپ ئالمىغان، مىراس قىلىپ ئالمىغان شەرت بىلەن زېمىندىن چىققان مەھسۇلاتنى × ئوق قىلىپ، شەيخ × ئوق يەيدۇ، مۇتىۋەللى × ئوق يەيدۇ. × ئوقنى شىكەستىلەرگە ( رېمونتىغا)

ۋە قـەبـرەمـنـى زىـيارەت قىلغىلى يىراق ـ يېقىندىن كەلگەنلەرگە سەرپ ئېتىدۇ » ①.

---

① يـاقـۇپـبـەگ دەۋرى ( 1865 ــ 1877 ) دە قـەشـقـەر تـەۋەسـىـدىـكى بارلىق مازارلارنىڭ تەزكىرە ۋە تۆلىيەلىرى يـىـغـىـۋېـلـىنغان . شۇ قاتاردا مەھمۇد قەشقەرى مازىرىنىڭ تـەزكـىـرىـسـى بـىـلـەن يۇقىرىقى تۆلىيە ھۆججەتمۇ ئېلىپ كـېـتـىـلـگـەن . بۇ ھەقتە 1957 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي خىزمەتچىلىرىنىڭ ئوپال رايونىنى تەكشۈرگەنـدە قـالـدۇرغان خاتىرىسى ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي مەدەنىيەت يادىكارلىقلار ئەترىتىنىڭ ئارخىپىدا ساقلىنىۋاتىدۇ .

# مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ۋاپاتى

مەھمۇد قەشقەرى « مەدرىسەئى مەھمۇدىيە » دە 15 ــ 20 يىل مۇدەررىس بولۇپ، نۇرغۇن تالىپلارنى يېتىشتۈرۈپتۇ. ئۇ دەرسگۇيلۇق قىلىپ، ئۈچ قەرنە ئۆمۈر ئۆتكۈزۈپ، 97 يېشىدا دۇنيادىن ئۆتكەن. ئۆز ۋەسىيىتىگە بىنائەن مەھمۇد قەشقەرى ئوپالنىڭ كۆن يورۇش تەرىپى قۇمباغ تۆپىلىكىدىكى « مارجان بۇلاق » بېشىدىكى تۆپىلىككە دەپنە قىلىنغان.

ئۇلۇغ ئالىمنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلىغان پۈتكۈل ئەل ــ يۇرت جۇۋا ــ تەلپەكلىرىنى تەتۈر كىيىپ، كۆك تاياقتىن هاسا تۇتۇپ يىغلىغان؛ سىپاھ ــ سالالەر دەستار پەتلىسىنى چۇشۇرۇپ، ئوقىيا ــ قىلىچلىرىنى يەرگە ياتقۇزغان؛ تۆگىلەرنى

بوتىلاقلىرىدىن ئايرىپ بوقىرىتىپ، ئاتلىرىنى لەرزان يىپتەكلەپ، يەتتە كىچە - كۈندۈزگىچە گۈررۈھ - گۈررۈھ، ئايىماق - ئايىماق بولۇپ ماتەم بىلدۈرۈپ، دۇئايى خەيرى قىلىشقان. ئىپقىندىكى «قارا جىلغا» سۈيى بىلەن «قىزىل جىلغا» سۇلىرى مەۋج ئۇرۇپ، ئۆمرىدە قوشۇلمىغان بۇ ئىپقىن سۇلىرى قوشۇلۇپ، تەكمۇتەك تولغىنىپ، قىرغاقلارغا ئۆزىنى ئۇرۇپ، ئالىمغا ماتەم تۇتقانلىقىنى بىلدۈرگەن.

پولتكول ئەل ئۇ زاتنىڭ ۋاپاتىغا تۆۋەندىكى مەرسىيەنى ئوقۇپ تەزىيە بىلدۈرگەن:

ئەلۋىدا، ئەي شەيخ مەۋلانايى پىرىم،
ئەلۋىدا، مەھمۇدى ئىسمىڭ ھەمدە ئۇگرەتتىڭ بىزىم.
ئەلۋىدا، بەخت ئاتا قىلسۇن ساڭا قادىر خۇدا،
ئەلۋىدا، ئەي ئىلمۇئىرپان نۇرى ئەينى خۇلقى ئەزىم.
يا ئىلاھ جەننەتتە بولغاي پىرىمىز، ئۇستازىمىز،
نامىڭىزنى تاغقا تەبىز ① ئەيلىدۇق مەۋلانىمىز.

---

① تەبىز — ئوخشىتىش، قوشۇش مەنىسىدىكى ئەرەبچە سۆز.

مەھمۇد قەشقەرى قەبرىگاھى جايلاشقان تاغ بۇ ئېغىر مۇسىبەتتىن ھالسىزلىنىپ، قۇمباغدىن تاكى ئوپىلات ــ «قىرىق بۇلاق» قىچە سوزۇلغان 14 كىلومېتىرلىق گەۋدىسىنى ئۆرە قىلالماي، مۇكچىيىپلا كەتكەنلىكتىن «ھەزرىتى موللام تېغى» دەپ ئاتالغان. مەھمۇد قەشقەرى ــ «ھەزرىتى موللام» ئىلىمگە ھۆددىگەر پىرىم دەپ ئاتىلىپ، ھەر يىلى ھەرقايسى جايلاردا مەدرىسە ئوقۇشىنى پۈتكۈزگەن تالىپلارغا ئۇنىڭ بىرىش مۇراسىمى مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزۈلۈپ «نورۇز بۇلاق» سۈيىدە تەرەت ئېلىپ دۇئا ـ تەكبىر قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئىجازەت ئېلىش ۋە كىتاب ۋەخپە قىلىش ئادەتكە ئايلانغان. «نورۇز بۇلاق» بولسا ھەر يىلى نورۇز پەسلىدە قەشقەر تەۋەسىدىكى مۇھىم سەيلىگاھقا ئايلىنىپ، پەر بېيىت ئېيتىشىش ۋە ھوشۇرنىڭ ئايىمىدە تۈنەش پائالىيىتى تاكى بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلگەن.

本书收录有关Ⅺ世纪维吾尔学者麻赫默德喀什噶里生平事迹，并流传至今的26篇故事。

مەسئۇل مۇھەررىرى : غولام ئەبەيدۇللا
مەسئۇل كوررېكتورى : قەمبەرگۇل ئوسمان

# مەھمۇد قەشقەرى ھەققىدە ھېكايەتلەر

تۈزگۈچىلەر : مۇھەممەت ئوسمان ھاجىم
ئابدۇكېرىم ئەخمىدى

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھرى تاربوغۇز يولى 14 ـ قورۇ ، پوچتا نومۇرى : 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 1168×850 مم 64/1
باسما تاۋىقى : 1.8125 ، قىستۇرما ۋارىقى : 4
2003 ـ يىل 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2005 ـ يىل 6 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 8150 ـــــ 3071

ISBN7 — 5373 — 1163 — 3/K. 141
باھاسى : 5.00 يۈەن
سۈپەتتە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ .
تېلېفون : 2653927 ـ 0998